شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

## 2001·5



# ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كىرمىنىلىق ياغاچ ـ تاش قاتمىسىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش نىزامى» تەستىقلاندى؛ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



مۇدىر ھامىدىن نىياز گۇرۇپپا يىغىنىدا سۆز قىلدى.



باش كاتىپ مەھەممەت رەجەپ گۇرۇپپا يىغىنىدا «ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى»نى قاراپ چىقتى.



كارخانا ساھەسىدىكى كومىتېت ئەزالىرى «ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى»نى قاراپ چىقتى.



ئەدلىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى «ئەدلىيىلىك باھالاش نىزامى» توغرىسىدا كومىتېت ئەزالىرى سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى.



مۇدىر ھامىدىن نىياز دائىمىي كومىتېت ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارغا تەيىننامە تارقىتىپ بەردى.

# شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە پۇختا ئاساس سالايلى

## ئاپتونوم رايونىمىز 9 ـ نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى باشلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى 18 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى باھارنى كۈتۈۋالدى. ھاياتىي كۈچكە تولغان ماي ئېيىدا بۇگۈن يەنىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەللىككە پۈركىگۈسى.

بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان، يېقىندىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىپ تەشۋىق قىلىۋاتقان، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان پەيتكە دوچ كەلدى. بۇ پائالىيەتنى جانلىق، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇش لازىم.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىدە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى دوچ كەلگەن كەسكىن، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەھلىل قىلىنىپ، تارىختىن بۇيانقى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتىكى مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرى چوڭقۇر خۇلاسىلەندى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى شەرھلەندى، شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش قاتارلىق ئومۇمىيلىققا چېتىلىدىغان بىر قاتار چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەجرىبىلىرىمىزنىڭ خۇلاسىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تەشەببۇسكار بولۇپ، دۈشمەن باش كۆتۈرسىلا زەربە بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، ئۇچىغا چىققان دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

يېقىندىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، تەرەققىيات چىڭ قائىدە دېگەن ئاساسىي لۇشيەن بويىچە، ھەممىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشنى چىقىش قىلىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي سېلىنمىنى زورايتىش، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى باشتىن ئاخىر ئۆزىگە سىڭدۈردى، ۋاھاكازا. بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، باراۋەر بولغان، ئىتتىپاقلاشقان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، تەرەققىيات مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى دېيىدىغان ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دۆلەت مىللىي رايونلارغا ئاتا قىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن تولۇق، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى باشلاندى، جايلار بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا «ئىتتىپاقلىشىش، ئالغا ئىلگىرىلەش، مۇقىملىق، تەرەققىيات»نى باش تېما قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، خىلمۇخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تەشۋىقات پائالىيىتىنى جانلىق، پۇختا ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈش لازىم.

تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ۋە نېگىزى، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۇلنى پۇختا سېلىپ، ھەممىبەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولسا، ئاندىن گۈللەنگەن گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقالايدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2001 - يىل 5 - سان

(ئومۇمىي 218 - سان) (21 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۈگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر مامۇت، نۇرگۈل كېرىم

## ئوبزور

شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە پۇختا ئاساس سالايلى ........................ **ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى** (1)

## ھەر ساندا بىر نىزام

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى» ........................ (4)

## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر

رەھبىرىي كادىرلا دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئېڭىنى تىرىشىپ كۈچەيتىشى كېرەك ........................ **ئابدۇرېشىت ئابدۇللا** (10)
غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا ........................ **رازىيە مۇھەممەت** (14)

## خىزمەت تەتقىقاتى

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا........................ **تاھىر مامۇت** (19)
ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىمىز ........................ **مەھەممەت ئىمىش** (22)
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش لازىم ........................ **ئابلىمىت توختى** (26)

## قانۇن تەتقىقاتى

مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا ........................ **گۈلزار روزى** (29)

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

قۇرت ماجىراسى ........................ **ئىدرىس قادىر** (35)

## مۇشتەرىلەردىن خەت

تەپەككۇر ۋە ئۈمىد ........................ **ئىمىن ھاشىم** (37)

## خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش بىرىنچىچە ئەۋلاد تەلپۈنۈپ كەلگەن ئۇلۇغۋار ئىش ........................ **ياقۇپ ساماق** (38)

## قانۇن مەسلىھەتچىسى

سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار ئاپتورلۇق ھوقۇقىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولامدۇ؟ ........................ (40)

ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەكمۇ؟ ........................ (41)

## خەۋەرلەر

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى پارتكومى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى قاتارلىق سەككىز پارچە ماقالە ........................ (42)

## تەرمىلەر

ئىش كۆتۈپ تۇرغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر روھىي ھالىتىڭلارنى ئۆزگەرتىڭلار ........................ شەن فېڭ (47)
جۇ ئېنلەي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈچۈن قالدۇرغان يەر ........................ (48)
سۇڭ چىڭلىڭنىڭ پارتىيىگە كىرىش جەريانى........................ (49)
ئادىم ئالداپ سېتىشنىن كېلىپ چىققان دېلو ئىچىدىكى دېلو ........................ (50)
جۇڭگو «نىكاھ قانۇنى»نىڭ قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى ........................ (51)

## بىلىۋېلىڭ

سۈرۈشتۈرمە بىلەن سوراشنىڭ پەرقى ........................ چېن جيەنجى (52)
جەت ئەللەردە ئۇنىۋانغا قانداق تەكلىپ قىلىنىدۇ ........................ ئىمىنجان راخمان (53)
چېكىردىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلىش جىنايىتى ۋە ئۇنىڭ
ئالاھىدىلىكى........................ مەمتىمىن موللا نىياز (54)
چەت ئەللەرنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ ئەمەلدارلار پائالىيىتىنى خاتىرىلەش تۈزۈمى ........................ (55)

## تارىختىن سۆز

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاسنانىلىرى ........................ ئايىمگۈل قاۋۇل نۇرۇللا مۆئمىن يۈلغۇن (57)

## ئەترگۈل

خەلق قوشاقلىرى ........................ ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي (63)

## كىچىك لۇغەت

قانۇن ـ نىزاملاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار........................ (64)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش
ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166 / D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى»

**2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ يىغىنىدا ماقۇللىدى**

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(29 ـ 9)

*«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشلەپچىقىرىش ئۇيۇشمىسى نىزامى» 2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.*

***شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى***

**2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى**

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت هوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخوا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىلار، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار (تۆۋەندە كارخانا دېيىلىدۇ) ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىغا تەتبىقلىنىدۇ.

بۇ نىزام ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش، پەن تەتقىقات تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە تەتبىقلىنىدۇ.

بۇ نىزام شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئاهالىسى ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارغىمۇ تەتبىقلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەر ئىختىيارىي بىرلەشكەن ئاممىۋى تەشكىلات، ئۇ ئەزالار ۋە ئەمگەكچىلەر مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بو-

لۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

**4 ـ ماددا** كارخانىدىكى ئەمگەكچىلەر «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» ۋە «جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

**5 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى:

(1) ئەمگەكچىلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى، ئەمگەك ھوقۇقى، ئەمگەك ھەققى ئېلىش ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش؛

(2) شۇ كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈشكە قاتنىشىش؛

(3) شۇ كارخانىدىكى قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش ئەھۋاللىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش؛

(4) كارخانىنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى ۋە بىخەتەرلىك ـ تازىلىق ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈك ـ كېسەل ياخشىلىشقا قانۇن بويىچە ھەيدەكچىلىك قىلىش.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى:

(1) كارخانىنىڭ قانۇن بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت باشقۇرۇش ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا مەدەت ۋە ياردەم بېرىش، كارخانا تەرەققىياتى ئۈستىدە ئورتاق باش قاتۇرۇش؛

(2) ئەمگەكچىلەرگە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، كارخانىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسراش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، ئەمگەك توختامىنى ئادا قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش، ئەمگەكچىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش خىزمەت ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنداشقا سەپەرۋەر قىلىش؛

(3) ئەمگەك مۇسابىقىسى، مۇۋاپىق تەكلىپ، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش؛

(4) ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كارخانىنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ياخشىلىشقا ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش پائالىيىتى ۋە جىسمانىي، مەنىۋى ساغلاملىققا پايدىلىق مەدەنىيەت ـ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەش؛

(5) كارخانىنىڭ ئەمگەكچىلەرگە مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا تەربىيىسى بېرىپ تېخنىكا ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ھەمكارلىشىش.

**6 ـ ماددا** كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى كېرەك. كارخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ تەستىقىسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە، قوشۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**7 ـ ماددا** كارخانا تىجارەت باشلاپ ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ 6 ئاي ئىچىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇشنى قوللىشى، بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇنىڭغا ھەمكارلىشىشى لازىم.

كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىن قانۇن بويىچە قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلىرىنىڭ رەئىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىل بولىدۇ.

كارخانا قانۇن بويىچە توختىتىلغاندا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**8 ـ ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 25 تىن ئاشقان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجەت تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇ-

رولۇشى كېرەك، 25 كە يەتمىگەنلىرىدە بىر نەپەر تەشكىلاتچى سايلانسا، ئۇ ئەزالارنى پائالىيەتكە ئۇيۇشتۇرسا بولىدۇ ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رايون ياكى ساھە بويىچە بىرلەشمە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى قۇرىدۇ.

**9 ـ ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرغان كارخانا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە رەئىس قويۇشى كېرەك، ئېھتىياجغا قاراپ مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خىزمەتچى قويسا بولىدۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىكىنى جۇڭگو پۇقراسى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ كارخانىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىل بىلەن بىۋاسىتە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ياكى تەشكىلاتچى بولسا بولمايدۇ.

**10 ـ ماددا** ئايال ئەمگەكچىسى 25 تىن ئاشقان كارخاندا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئايال ئىشچىلار كومىتېتى قۇرۇلىدۇ، ئايال ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئايال مەسئۇلى قوشۇمچە ئۈتەيدۇ، 25 كە يەتمىگەنلىرى بىر نەپەر ئايال ئەزا قويۇپ، قانۇن بويىچە ئايال ئىشچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ.

**11 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسى، ئەزالىرى، ئايال ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئەزالىرى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

**12 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇن بويىچە ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئەمگەكچىلەر قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى دەخلى ـ تەرۈزگە ئۇچرىغانلىقتىن قانۇن بويىچە مۇرەسسە قىلىشنى، كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا ياكى دەۋا قىلغاندا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم.

**13 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ كارخانىدىكى ئەمگەكچىلەرگە ۋاكالىتەن، كارخانا خوجايىنى بىلەن باراۋەر ئاساستا مەسلىھەتلىشىش ـ سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى ئورنىتىدۇ، قانۇن بويىچە كوللېكتىپ توختام تۈزۈشىدۇ. كوللېكتىپ توختام لايىھىسىنى ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى ئەمگەكچىلەر ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە سۇنۇش كېرەك.

**14 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەرنىڭ كارخانا بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزۈشىگە ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. كارخانا ئەمگەكچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزمىسە ياكى ئەمگەك توختامىدا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلسا شۇنىڭدەك ئەمگەكچىلەرنى ئەمگەك توختامى تۈزۈشكە مەجبۇرلىسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق؛ تۈزەتمىگەنلىرىگە تۈزەتكۈزۈشنى ئالاقىدار تارماققا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

كارخانا ئەمگەك توختامىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى، بىكار قىلماقچى ياكى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، ئاۋۋال ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن پىكىر ئېلىشى لازىم، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇۋاپىق كۆرمىسە، كارخانىدىن تۈزىتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** كارخانا ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاشىنى تەڭشەش، مۇكاپات پۇلى بېرىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك مۇھاپىزىتى، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش چارىسى، تۇرمۇش پاراۋانلىقى لايىھىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشتە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئەمگەكچىلەر ۋەكىللىرىگە سىرتتىن قاتنىشىشنى ئۇقتۇرۇشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** كارخانا ئەمگەكچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىش ياكى ئۇلارغا چارە كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن پىكىر ئېلىشى كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنماپتۇ دەپ قارىسا، كارخا

ىىدىن قايتا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، ئەمگەكچىلەر نىڭ كىيىنكى قىلىشنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىشى ياكى دەۋا قىلىشىغا ياردەم، مەدەت بەرىشى لازىم.

**17 ـ ماددا** كارخانا تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن بىرىنى سادىر قىلسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئالاقىدار تارماقتىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا هوقۇقلۇق:

(1) ئەمگەكچىلەردىن قانۇنسىز هالدا كاپالەت پۇلى، تەۋەككۈل پۇلى، رەنە پۇلى، تەربىيلەش هەققى ئېلىش ياكى ئەمگەكچىلەرنى پاي قوشۇشقا مەجبۇرلاش؛

(2) ئەمگەكچىلەرنىڭ كىملىكى، ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى ياكى كۆچكە ئىگە باشقا گۇۋاهنامىسىنى تۇتۇپ قېلىش؛

(3) ئەمگەكچىلەر ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي، ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش ياكى ماقۇللۇقىنى ئالغان بولسىمۇ، قانۇن بويىچە بېرىلىدىغان هەقنى بەرمەسلىك؛

(4) ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش هەققى ياكى مۇكاپات پۇلىنى قىسىپ قېلىش؛

(5) ئەمگەكچىلەردىن تۇتۇپ قېلىنغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا هەققىنى كەم تاپشۇرۇش، تاپشۇرماسلىق ياكى تۇتۇپ قېلىش؛

(6) ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆي فوندى ياكى باشقا پاراۋانلىق پۇللىرىنى ئىشلىتىۋېلىش، يۇتۇۋېلىش ياكى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش؛

(7) ئىشلەپچىقىرىش سورۇنىدا هادىسە خەۋپى ئېنىق بولۇپ، تالاپەت كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولسىمۇ، ئەمگەكچىلەرنى مەشغۇلات قىلىشقا زورلاش؛

(8) قانۇنغا خىلاپ هالدا ئەمگەكچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىش، ئۇلارغا چارە كۆرۈش؛

(9) ئەمگەكچىلەرنىڭ بەدىنىنى ئاختۇرۇش، ئۇلارنى سولاپ قويۇش، هاقارەتلەش، ئۇرۇش ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئۇلارغا تەن جازاسى بېرىش؛

(10) قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان باشقا قىلمىشلار.

**18 ـ ماددا** كارخانا قۇرغان ئەمگەك ماجىرا مۇرەسسە هەيئىتى ئەمگەكچىلەر ۋەكىلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىلى، كارخانا مەمۇرىيىتى ۋەكىلىدىن تەركىب تاپىدۇ. مۇرەسسە هەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىلى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**19 ـ ماددا** كارخانا ئەمگەك توختامى مۇددىتى توشمىغان ئەمگەكچىلەرنى خالىغانچە قىسقارتىۋەتسە بولمايدۇ. كارخانا ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىپ تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان مەزگىلدە ياكى ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئادەم قىسقارتىشقا توغرا كەلسە، 30 كۈن بۇرۇن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ياكى بارلىق ئەمگەكچىلەرگە ئەهۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئەمگەكچىلەردىن پىكىر ئېلىش كېرەك.

**20 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ كارخانىدا كۆرۈلگەن تالاپەتنى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە، سالامەتلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىشقا هەمدە ئۇنى كارخانا بىلەن بىرلىكتە ۋە ئالاقىدار تارماققا هەمكارلىشىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا هوقۇقلۇق.

**21 ـ ماددا** كارخانىدا ئىش توختاش، قاشاڭلىق قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەندە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەهۋالنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، كۆرۈلگەن مەسىلىنى ئالاقىدار تارماق بىلەن بىرلىكتە كارخانا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ هەل قىلىشى، كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە هەمكارلىشىشى كېرەك.

**22 ـ ماددا** كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا زۆرۈر خىزمەت شارائىتى ۋە پائالىيەت سورۇنى هازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

**23 ـ ماددا** كارخانا شۇ كارخانىنىڭ بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى ئايلىق ئومۇمىي مائاش

7

سوممىسىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچە شۇ كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىشى كېرەك. ئومۇمىي مائاش سوممىسى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە باشقۇرۇلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجەت تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

**24 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە خىراجىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئۇنى ئىگىلىۋېلىشى ياكى ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قوشۇۋېتىلسە، ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتى قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى بۆلۈۋېتىلسە، ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتى بۆلۈۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا ياكى تارقىتىۋېتىلسە، ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتى بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

**25 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەرنى ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش (ئىش) ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا پائالىيەتكە تەشكىللىشى لازىم، ئىشلەپچىقىرىش (ئىش) ۋاقتىنى ئىگىلەشكە توغرا كەلسە، ئاۋۋال كارخانىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك. قاتناشقۇچىلارنىڭ مائاشى، مۇكاپات پۇلى ۋە ياردەم پۇلىنى كارخانا تولۇق بېرىدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشتىن ئايرىلمايدىغان رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسى، ئايال ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش (ئىش) ۋاقتىنى ئىگىلەشكە توغرا كەلگەندە، ئاۋۋال كارخانىغا ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ھەر بىر كىشىنىڭ ھەر ئايدا ئىگىلىگەن ۋاقتى ئومۇمەن ئىككى ئىش كۈنىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ مائاشى، مۇكاپات پۇلى ۋە تۈرلۈك پاراۋانلىق، ياردەم پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ.

**26 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخسۇس ياكى قوشۇمچە رەئىسىنىڭ ئىش ھەققى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ، مائاشى شۇ كارخانىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ مائاش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولمايدۇ.

**27 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەمگەكچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدىغان مۇدىرىيەت يىغىنى ياكى زاۋۇت باشلىقلىرى ( دېرىكتورلار) ئىش يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

كارخانا نازارەتچىلىك ھەيئىتىگە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىلى قاتنىشىشى كېرەك.

**28 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە تەشكىلاتچىسىنىڭ خىزمىتىنى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە ئورۇنسىز سەۋەب بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، شۇ كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسىنىڭ ئەمگەك توختامى مۇددىتى توشسىمۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشمىغان بولسا، ئەمگەك توختامى مۇددىتى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقانغا قەدەر ئۇزارتىلىدۇ.

**29 ـ ماددا** كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان خادىمغا چارە كۆرمەكچى، ئۇنى

ئىشتىن بوشاتماقچى بولغاندا، تەڭ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسى بولغان خادىمغا چارە كۆرمەكچى بولغاندا، بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

**30 ـ ماددا** كارخانا شۇ كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، تەشكىلاتچىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي ياكى توغرا ئادا قىلماي، كارخانا ياكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتتى، دەپ قارىسا، كارخانا ياكى ئەمگەكچىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىشقا ۋە پىكىر بېرىشكە هوقۇقلۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**31 ـ ماددا** كارخانا بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ياكى ئەمگەكچىلەر ئالاقىدار تارماققا ئەرز قىلىشقا ياكى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا هوقۇقلۇق:

(1) ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ياكى ئۇنى چەكلەش ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان ئەمگەكچىلەرنى تەگلىكتە قالدۇرۇش؛

(2) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش، تارقىتىۋېتىش، قوشۇۋېتىش؛

(3) يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا بولغان ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىگە توسقۇنلۇق قىلىش؛

(4) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى (قۇرۇلتىيى) يىغىنى ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرىنىڭ خىزمەت هوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە توسقۇنلۇق قىلىش ۋە كاشىلا سېلىش؛

(5) ئىگىدارلىق هوقۇقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا بولغان خىراجەت ۋە مال ـ مۈلۈكنى ئىشلىتىۋېلىش، ئىگىلىۋېلىش ياكى ئۆز مەيلىچە يۆتكەش؛

(6) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي هوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرىدىن ئۆچ ئېلىش؛

(7) ئەمگەككە دائىر قانۇن، نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ تۈزەتمەسلىك؛

(8) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلار.

**32 ـ ماددا** كارخانا مۇشۇ نىزامنىڭ 23 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىنى ئاجرىتىپ بەرمىسە، كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە بېرىم بۇيرۇقى چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**33 ـ ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرىدىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي، ئەمگەكچىلەر ياكى كارخانىنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەنقىد تەربىيە بېرىدۇ ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپى بېرىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**34 ـ ماددا** بۇ نىزام 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.



# رەھبىرىي كادىرلار دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئېڭىنى تىرىشىپ كۈچەيتىشى كېرەك

ئابدۇرېشىت ئابدۇللا

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپىدە «سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش—سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم نىشانى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېڭى تارىخىي مەزگىلدە دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش— پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپى ھەم ئىستراتېگىيىلىك كۈرەش نىشانى. يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن تارىخىي شارائىتتا، رەھبىرىي كادىرلار دېموكراتىيە ، قانۇنچىلىق ئېڭىنى تىرىشىپ كۈچەيتىشى، دېموكراتىيە روھىنى ئاكتىپلىق جارى قىلدۇرۇشى، قانۇن بويىچە پۇختا ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى لازىم. بۇ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە تەلىپىگە ماسلىشىپ، «تەكلىپ» تە كۆرسىتىلگەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش يېڭى دەۋر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخى ئىسپاتلىدىكى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى دېموكراتىيىنىڭ ۋە قانۇنچىلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئىنسانلار دەۋرىنىڭ قۇللۇق، فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقمۇ تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخى— دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق تەرەققىيات تارىخى، شۇنداقلا دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق يېڭى دەۋرنىڭ ئىككى چوڭ بەلگىسى. بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە دېموكراتىيىنىڭ ئومۇمىيلىق ۋە قانۇن ئىناۋىتىنى دۆلەتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، پەن ـ مەدەنىيەت ، تىنچلىق قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش كەڭ تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بۇ، «تەكلىپ»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئويغۇنلىشىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك» لىكىنى، دېموكراتىيە پرىنسىپى ۋە دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن ئارقىلىق تۈزەشنى كۆرسىتىدۇ. دېموكراتىيىگە ئەھمىيەت بېرىش، قانۇن ئارقىلىق ئىش بېجىرىش ھازىرقى دەۋرنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي ئېقىمىغا ئايلاندى. مەلۇم بولۇشىچە، سىنگاپور دېموكراتىيە ۋە قانۇننى «دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى» قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: «سىنگاپورنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇلار قاتتىق باشقۇرىدىكەن»، بۇ دۆلەتتە قانۇنچىلىق

ئىنتايىن ساغلام، قاتتىق بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشقان ۋە چەكلەنگەن. جىنايى ئىشلار سادىر بولىدىكەن، شۇ ھامان جازاغا تارتىلىدىكەن. بۇ دۆلەتتىكى خەلقلەر بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار قانۇندىن ئايرىلالماسلىق، ئىش بېجىرگەندە قانۇنغا تايىنىش بىر خىل قېلىپقا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. دەرۋەقە، كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىقى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان، روشەن سىنىپىي چەكلىمىلىكى بولغان دېموكراتىيە، قانۇنچىلىقتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلق ھەقىقىي ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان، ئەڭ ئەۋزەللىككە ئىگە جەمئىيەت. ئۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە قارىغاندا دېموكراتىيە كەڭ جارى قىلدۇرۇلغان، قانۇنچىلىق مۇكەممەللەشكەن جەمئىيەت، بۇنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چىڭ تۇتۇش، يەنە بىر قولدا دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى تۇتۇش ئۇلۇغ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇشنى يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى ۋە قانۇنلىشىشىنى تېزلەتتى. ھەر مىللەت خەلقى دېموكراتىيە ۋە قانۇننى دەستۇر قىلىپ ھەرقايسى ساھەلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

**2. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشى ــ خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى**

ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ بارلىق ھاكىمىيىتى خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەندى. خەلق دۆلەتنىڭ خوجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشنى كەڭ تەشكىللەش ۋە قوللاش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. بۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن سىرت، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش جەريانىدا دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق ئىش كۆرۈشى ھەم خەلقنىڭ خوجايىنلىق رولىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم. رەھبەرىي كادىرلار بىرقەدەر كۈچلۈك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىغا ئىگە بولغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىگە تايىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرى، نارازىلىقى، تەنقىدلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى، باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش رولى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

دېموكراتىيە، قانۇنچىلىقنىڭ كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيمەكتە. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنى بىلىپ يەتمەكتە. ھازىر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشلىرى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقى جارى قىلدۇرۇلۇشىغا موھتاج. بۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلاردىن كۈچلۈك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭى، يۇقىرى دېموكراتىيە باشقۇرۇش ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىش كۆرۈش سەۋىيىسى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق

ئەھۋالدا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بۇ جەھەتتىكى ئاڭ سەۋىيىسىنى كۈچەيتمىسە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئورنى ۋە قانۇنىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلمىسە، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ، قانۇنىي ھوقۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ رايىغا زىت كېلىدىغان قانۇنسىز ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىپ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دېموكراتىيە ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەي ئۆزى بىلگىنىچە ئىش كۆرۈپ ، قانۇننى دەپسەندە قىلسا، خەلق ئاممىسىنىڭ كەچۈرگۈسىز دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭغا 2000 ـ يىلى جۇڭگونى زىل ـ زىلىگە سالغان چېڭ كېجيې، خۇچاڭچىڭنىڭ پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك جىنايى ئىشلىرى تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قايسى رايون، قايسى جايدىكى رەھبىرىي كادىرنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭى كۈچلۈك بولسا، شۇ رايون، شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق رولى ئوبدان جارى قىلدۇرۇلدى، رەھبىرىي كادىرلار خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى. يېڭى دەۋردە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشى ــ ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

### 3. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە ، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە تەكلىپ

رەھبىرىي كادىرلار مۇستەھكەم دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك.

بىرىنچى، قانۇن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش ــ پارتىيىمىزنىڭ باشتىن ئاخىر ئېغىشماي كەلگەن كۆرەش نىشانى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «تەكلىپ»تە «دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئومۇمىي خەلقنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئۆگىنىشنى گەۋدىلىك تۇتۇش، ئاساسلىقى ماركسىزملىق دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق نەزەرىيىسى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تۈزۈمى نەزەرىيىسى، «ئاساسىي قانۇن» ئاساسىدا قائىدە ـ قانۇن ئۆگىنىش تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش ھەم ئۇنى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش پىلانى ۋە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى پىلانىغا كىرگۈزۈش، ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار كۈچلۈك ئاڭلىقلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، باشلامچىلىق بىلەن دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئۆگىنىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىگە خاس بېسىمنى ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىشنى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى، ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى مەركەزلەشتۈرۈشكە سەل قاراش، دېموكراتىيىگە سەل قاراش، سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، قانۇن بويىچە ئىش كۆرمەسلىك خاھىشلىرىنى يېڭىپ، دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ، قانۇن بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشى، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ساپاسى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

ئىككىنچى، ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىمىز دېموكراتىيە، قانۇنچىلىقنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ قانۇننى توغرا ئىجرا قىلىشىغا رەھبەرلىك قىل-

دى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، قا- نۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇشنى توپ ۋەزىپە قىلىپ، دې- موكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلـ گىرى سۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇر- مۇشنىڭ قىياپىتىنى تېز يۈكسەلدۈردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئاساسىي قانۇن»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇ- رۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي هوقۇقىغا هۆرمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سەممىي غەمخورلۇق قىلىپ، 1955 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇردى. بۇ ماركسىزملىق قانۇنچىلىقنىڭ جۇڭ- گونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلى- كىنىڭ ئۇلۇغ مېۋىسى، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇ- شىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسا- دىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى مۇقىم يۈكسەلدۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «دېموكرا- تىيىدە چىڭ تۇرۇش، قانۇنچىلىقتا چىڭ تۇرۇش» ئىدىـ يىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ۋا- سىتىلىرىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، ئەمەلىي خىزمەتلەردە بولۇپمۇ زور مەسىلە ئۈستىدە قارار چىقارغاندا، دېموكراتى- يىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق تەدبىر بەلگىلەشكە ما- ھىر بولۇشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. مۇ- شۇنداق قىلغاندا خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە، قا- نۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇشتا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى، ئۇ خەلققە ۋاكالىتەن زور مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەيدۇ، هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە خادىملىرىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ رولىنىڭ ياخشى جارى قىلدۇرۇلۇشى ئۆز رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈ- زۈلمە جەھەتتىمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىنى مۇھىم كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنى ياخشىلىشى، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئوبدان جارى قىلـ دۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى تەك- شۈرۈپ تۇرۇشى، خىزمەتچى خادىملارغا بولغان نازارەتچى- لىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارت- كومنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تۈرلۈك هوقۇقىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈردى، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەش- تۈرۈش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە قانۇن بو- يىچە ئىش كۆرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

**(ئاپتور ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى**



# غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا

**رازىيە مۇھەممەت**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىلگەن 22 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك مەبلەغ سېلىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا، دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئومۇمىي تەرەققىياتىغا قارىتا ئالدى بىلەن ھەرقايسى جەھەتلەردە شارائىتى ۋە ئاساسى بىرقەدەر ياخشى بولغان شەرقىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېزلىكتە بىرقانچە باسقۇچ ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارالىق رىقابەتكە قاتنىشىدىغان ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرۈش، بۇ باسقۇچتا ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار بۇ ئومۇمىيەتكە بويسۇنۇش، تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك باسقۇچقا بارغاندا ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش مەسىلىسىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش ۋە ھەل قىلىش، ئاخىردا ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بۇ باسقۇچتا شەرقىي رايونلار كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. بۇ باسقۇچتا شەرقىي رايونلار بۇ ئومۇمىيەتكە بويسۇنۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت «ئىككى ئومۇمىيەت» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى ئومۇمىيەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 80 - 90 - يىللاردا شەرقىي رايون ئىقتىسادى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. نەتىجىدە شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرق روشەن ھالدا كېڭىيىپ، غەربىي رايونلارغا قارىتا بىر خىل زور بېسىم شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي رايونلار ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، شەرقىي رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي پەرقنى كىچىكلىتىش دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئايلاندى. بۇنداق ئەھۋاللاردا مەركەز ئىككىنچى ئومۇمىيەت ئىدىيىسىگە ئاساسەن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئېلىمىزدىكى 5 ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ 27 سى، 120 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن)نىڭ 83 ى غەربىي رايونغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي رايون مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مىللىي رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي رايون ئىچكى موڭغۇلىيە، گۇاڭشى، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ، شىزاڭ، سىچۇەن، يۈننەن، گۈيجۇ، چۇڭچىڭ قاتارلىق 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر كۆلىمى 6 مىليون 830 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ 71% ىنى ئىگىلەيدۇ. نوپۇسى 320 مىليون بولۇپ، ئېلىمىز ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 28.4 ىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ-

نىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى پۈتۈن مەملى- كەت ئاز سانلىق مىللەت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 87 %نى ئىگىلەيدۇ. ①غەربىي رايون ئەمەلىيەتتە ئېلىمىز ئاز سان- لىق مىللەتلىرىنىڭ ئاساسىي توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونى. ئادەتتە ئېيتىلىدىغان غەربىي رايوننى راۋاجلاندۇ- رۇش مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى- رىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. غەربىي را- يوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مۇقەررەر ھالدا مىللىي مە- سىلە، چېگرا رايون مەسىلىسى ۋە نامراتلىق مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ جەرياندا مىللىي مەسىلىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش ۋە مۇھىم ئورۇنغا قويۇش زۆرۈر.

نۆۋەتتىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ھالقىسى — مىللەت- لەرنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەيدا قىلغان زور بېسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تە- رەققىياتىنى تېزلىتىپ، تەرەققىي قىلغان شەرقىي رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىشنى جىددىي تەلەپ قى- لىشتا ئىپادىلەنمەكتە. بۈگۈنكى دۇنيادىكى مىللىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر- قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت تە- رەققىيات مەسىلىلىرى كۆپ ھاللاردا ئىقتىسادىي مەسىلە بىلەن باغلىنىشلىق بولماقتا. چۈنكى مىللىي مەنپەئەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتتە ئىپادىلەنگەنلىكتىن ئىقتىسادىي مەنپەئەت مىللىي مەنپەئەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلى- نىدۇ؛ مىللىي مۇناسىۋەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە ئىپادى- لەنگەنلىكتىن، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت مىللىي مۇناسى- ۋەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلىنىدۇ؛ مىللىي مەسىلە ئىقتىسادىي مەسىلىدە ئىپادىلەنگەنلىكتىن ئىقتىسادىي مەسىلىمۇ مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلى- نىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي شەرتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، ئېنگېلس «تارىخىي جەرياندىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل تې- گى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا رېئال تۇرمۇشتىكى ئىشلەپچە- قىرىش» ② دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن مىللەت بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە ئىقتىساد زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بولۇپ، ئۇ مىللەت تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلسا باشقا مەسىلە- لەرنى ھەل قىلىشنىڭ شارائىتى ۋە ئاساسى ھازىرلىنىدى- غانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

غەربىي رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھالقىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىش ۋە تولۇقلاشتا، دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرمىسەك ئاپتونومىيە دېگىنىمىزمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ» ③ . شۇڭا، نۆۋەتتىكى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يولغا قويۇلغان تارىخىي شارائىتتا، ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلگە ئاش- قان ـ ئاشمىغانلىقى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ توغرا تونۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى- نىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، مۇكەممەللەشكەن ياكى مۇكەم- مەللەشمىگەنلىكىنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇ- لۇشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشى مەركەزدىكى ھەرقايسى فۇنكسىيە- لىك تارماقلار بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بې- ۋاستە تاقىلىدۇ. شۇڭا، گەرچە ئاپتونومىيە ھوقۇقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تېرىشچانلىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشسىمۇ، لېكىن ھەرقان- داق ئاپتونومىيە ھوقۇقى مەزمۇنىنىڭ بەلگىلىنىشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشى مەركەزنىڭ ئادەتتىكى جايلارغا ئوخشىمايدى- غان سىياسەتلەرنى تۈزگەنلىكى ۋە ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ

نەتىجىسى. ئېتىبار بېرىش ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەركەز ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياستى ئەھۋالى ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا تۈزۈلگەنلىكى، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا دائىر بەلگىلىمىلەردە نۇرغۇن ئابستراكتلىق، پرىنسىپاللىق، كونكرېت سان تەلپى بولماسلىق، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك بولۇش، مەشغۇلاتچانلىقى تۆۋەن بولۇشتەك مەسىلىلەر مەۋجۇت.

غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بۇ رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىغا ئېھتىياجلىق شۇنداقلا مەركەزنىڭ يېڭى تۈزۈلمە شارائىتىدا يېڭى ئۇسۇل، يېڭى مېخانىزم ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تىرىشىپ ياردەم بېرىشى زۆرۈر. بۇ بىزدىن مەركەز ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ھوقۇقى چېكىنى ھەم مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق كونكرېت سان تەلپى بولغان، مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە قىلىپ ئايرىپ، مەركەز بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قوش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا «ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا دائىر ماددىلارنى تولۇقلاپ كونكرېتلاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1) ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىقتىسادىي رولىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىرگە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا، مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي قالاقلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «3 كە پايدىلىق بولۇش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ ۋە ئۆلچەم قىلىپ، «ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئاساسىي رامكىسىنى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى ۋاقتى ئۆتكەن، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رولىنى يوقاتقان مەزمۇنلارغا تېزدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، غەربىي رايوننى ئېچىشقا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە دائىر ماددىلارنى كونكرېتلاشتۇرۇش، مىقدارلاشتۇرۇش ئاساسىدا تولۇقلاپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى قانۇن شەكلى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

2) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، پايدىلىنىش، قوغداش ۋە باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللىي رايونلار پەقەتلا يېرى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە. شۇڭا ئىجتىمائىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، تەبىئىي بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىپ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. «ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز تەۋەسىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇش، قوغداش، ئېچىش، پايدىلىنىش، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا، شۇ جاينىڭ مەنپەئەتىگە

ئېتىبار بېرىش، ئادەم ئېلىشتا شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن مۇۋاپىق ئېلىش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونومىيىلىك جايلار ئېچىشقا تېگىشلىك تەبىئىي بايلىقلار قايسى ئىگىلىككە ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە يوق. تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشتەك ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى تىلغا ئېلىنمىغان. شۇڭا «ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تۈزەتكەن چاغدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى تەبىئىي بايلىقلارنى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ ئاچقاندىن سىرت، ئاپتونومىيىلىك جايلار ھەر خىل شەكىللەر (دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئارقىلىق تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشقا يول قويۇش، ئىلھام بېرىش ھەم قايسى بايلىقلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى قۇرسا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانچىلىك نىسبەتتە پېيى بولۇش، بايلىق ئىگىسى پايدا تەقسىماتىغا قاتنىشىش، ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قالدۇرۇلغان پايدا كىرىمى، باج كىرىمىدىن مەلۇم نىسبەتتە پۇل ئاجرىتىپ ئاپتونومىيىلىك جايلارنى گۈللەندۈرۈش تەرەققىيات فوندى قىلىش، بۇ كارخانىلار يەرلىك ئىشچىلارنى قانچىلىك نىسبەتتە قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

3) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاپتونومىيىلىك مەزمۇنى بولغان مالىيە ئاپتونومىيىسىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مالىيە سىياسىتىدە غەربىي رايونلارنىڭ مەركەز مالىيىسىگە تايىنىش ئەھۋالىنى قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئۆزگەرتكىلى بولمىغان ئەھۋالدا ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەي، مەركەز غەربىي رايونلارغا قارىتا ئالاھىدە ئېتىباردىكى مالىيە بېجىنى ئايرىش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش؛ ئۈنۈملۈك بولغان مالىيىدىن قوشۇپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش؛ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تېخىمۇ ئالاھىدە ھوقۇق بېرىشكە دىققەت قىلىش، غەربىي رايونلارنىڭ قالاقلىق ھالىتىنى نەزەرگە ئېلىپ پەرقلىق باج سىياسىتىنى يولغا قويۇش. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ باج تۈرى، باج يىغىش دائىرىسى، ئېچىش خاراكتېرلىك تۈرلەر، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى، مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ بېجىنى ئازايتىشتىن ئىبارەت ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى جەھەتتىكى قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى «ئاپتونومىيە قانۇنى»غا كونكرېتلاشتۇرۇپ، مىقدارلاشتۇرۇپ، تولۇقلاپ كىرگۈزۈش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مەركەز كارخانىلىرىنىڭ ئاشقان قىممەت بېجىنىڭ يەرلىككە قالدۇرىدىغان قىسمىنىڭ نىسبىتىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئاشۇرۇش، مىللىي ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرۈش مەسىلىلىرىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك.

4) «ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تۈزەتكەندە ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىلگەن 22 يىلدىن بۇيان، مەركەز بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شەرقىي رايونلاردا نۇرغۇن ئالاھىدە رايون، ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەرنى قۇرۇپ، نۇرغۇن ئالاھىدە سىياسەتلەرنى بېرىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشى، يېڭى تېخنىكا ئۇسكۇنىلەر ۋە ئىلمىي باشقۇرغۇچى خادىملارنى كىرگۈزۈش، ئېكسپورت ـ ئىمپورت سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پايدىلىق شارائىتىغا ئىگە قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك، بۈگۈنكى دۇنيا ئوچۇق دۇنيا، غەربىي رايونلاردىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندا تەرەققىي قىلالمايدۇ. غەربىي رايونلاردىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار چېگرا رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، چېگرا سودىسى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى ۋە سىرت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شارائىتىغا ئىگە. شۇڭا «ئاپتونومىيە قانۇنى»غا ئىقـ

تىسادىي ئالاھىدە رايون، چېگرا سودا رايونى قۇرۇش، تاشقى سودىنى مونوپول قىلىۋېتىش تۈزۈلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ھەققىدىكى قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى تولۇقلاپ كىرگۈزۈپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېچىۋېتىش، تاشقى ئالاھىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ ساغلام راۋاجلىنىشىنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى ھازىرلاش كېرەك.

د) «ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇش جەريانىدىكى قانۇنىي نازارەتچىلىك ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىققا دائىر بىر يۈرۈش چەك قويۇش، جازالاش خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەرنى قوشۇپ، جازالاش سۈبيېكتى ۋە ئادا قىلىدىغان قانۇنىي تەرتىپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ساغلام، مۇكەممەل بولغان «ئاپتونومىيە قانۇنى» نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئىزچىللىنىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىگە خاتىمە بېرىش كېرەك.



---

ئىزاھات :

① 1997 ـ يىللىق «جۇڭگو يىلنامىسى»دىن ئېلىندى.

② ماركس ئېنگېلس: («كاپىتال» خەت ـ چەكلەر توپلىمى)، خەنزۇچە 499 ـ بەت.

③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە 86 ـ بەت.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

## ئىبرەتلىك سىلىشتۇرۇش

ئېرى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى خالىمايدىكەن، ھەرىكەت قىلىشمۇ خوش ياقمايدىكەن. شۇڭا، ئايالى ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ: « غوجام ، سىز بىلەمسىز، كۆپ ھەرىكەت قىلىدىغان ياۋا چوشقىنىڭ ئۆمرى ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدىغان ئۆي چوشقىسىنىڭ ئۆمرىدىن كۆپ ئۇزۇن بولىدۇ ، سىز كۈن بويى تاشپاقىدەك تۈگۈلۈپ ھەرىكەت قىلماي ئولتۇرۇۋەرسىڭىز مۇ ياخشى بولماس» دەپتۇ.

ئېرى ھېجىيىپ قويۇپ: «سۆيۈملۈكۈم، سىز ھەر جەھەتتىن ياخشى، شۇغىنىسى گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇمايسىز، شۇڭا، تاشپاقا بىلەن ياۋا چوشقىنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز» دەپتۇ. بۇ گەپتىن ھەر ئىككىسى بىر پەس قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېرى يەنىلا سافاغا يانپاشلاپ قولىدىكى پەمىل چاينى مەززە قىلىپ ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئايالىمۇ خۇشال ھالدا كىر يۇيغىلى تۇرۇپتۇ.

## چاقچاق پاراڭ

مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ باشلىقى بىر كۈنى بىرقانچە دوستلىرى بىلەن قارت ئويناپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئادەتتە گېزىت ـ ژۇرناللارغا يۇمۇر ـ چاقچاقلارنى يېزىپ قويىدىكەن. زاۋۇت باشلىقى قارت ئويىنىغاچ ھېلىقى دوستىدىن چاقچاق پاراڭ قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھېلىقى دوستىمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماستىنلا: «بۇ قېتىم سىلەرنىڭ زاۋۇتىڭلاردا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ سىزنىڭ ئىسمىڭىز بار ئىكەنغۇ» دەپتۇ. زاۋۇت باشلىقى دەرھال: «مەن زاۋۇت باشلىقى تۇرسام، قانداق قىلىپ مېنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرغىدەك، تازا بىر چاقچاق پاراڭ بولدى ـ دە بۇ!» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكى ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.



# خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

تاھىر مامۇت

يېڭى ئەسىردە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىدا زور تەرەققىياتلار بولدى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان رىئاللىققا ئايلاندى. لېكىن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدىكى تەشۋىقات تېخى دېگەندەك يېتەرلىك بولمىغاچقا، ھەر مىللەت ئاممىسى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن، ئاخبارات، جامائەت پىكرىنىڭ ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە ھەرىكىتىنى يېتەكلەيدىغان رولىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يادرولۇقىدىكى بىر يۈرۈش سىياسىي تۈزۈم ۋە دېموكراتىك تۈزۈمنى توغرا تەشۋىق قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارغا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئېنىق تونۇتۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق بىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقىنى قوللايدىغان

بىر خىل جامائەت پىكرى مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دېموكراتىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى.

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

1. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشتىكى مەركىزىي ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، بىرقەدەر ئېنىق بولغان تەشۋىقات پىكىر يولىنى ئىگىلەش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنىڭ ۋەزىپىسى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساسەن، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىغا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشۋىقات قوشۇنىنى دائىم رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ تەشۋىقات قوشۇنىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە خىزمەت قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، ئۇلارنى پۈتۈن زېھنى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

2. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى ئۈزلۈكسىز ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئاممىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇش دەرىجىسىگە ۋە ۋەزىيەت ـ ۋەزىپىلەرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يۈرۈش تەشۋىقات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى ماكرو جەھەتتىن توغرا ئىگىلەش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش جەھەتتە، ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىپ، ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىللەر بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئورتاق جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش پىلانى، يېتەكچى ئىدىيە ۋە خەۋەر قىلىنىدىغان مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى بازار ئىگىلىكى ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، پارتكومنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان قىلىشى كېرەك.

3. خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە، مۇۋاپىق تەشۋىقات ئۇسۇللىرى ۋە تەشۋىقات شەكىللىرىنى قوللىنىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى. شۇڭا، ئۇنى ئاسا-

سىي قاتلامغا، ئاممىغا يۈزلەندۈرۈش كېرەك. ھازىر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىمۇ كۈنسايىن جانلانماقتا. نۇرغۇن جايلاردا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان يارامىلىق تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى قۇرۇلدى. مەخسۇس تەشۋىقاتچىلار بىلەن ئىشتىن سىرتقى تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى كۈنسايىن زورىيىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان مول مەزمۇنلۇق خەۋەرلەر بېرىلىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مانا بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىدىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈركە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشتا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قىسمەن ئاپتورلارنىڭ قانۇن ـ نىزاملاردىن ئانچە خەۋىرى بولمىغاچقا، تەشۋىقاتىنىڭ ئۈنۈمىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكەن. مانا بۇ گېزىتخانا، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات، خەۋەر بېرىش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بەزى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاخبارات ئورۇنلىرىغا تايىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلغاندىن سىرت، ئورگان خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە خەۋەر قىلىدىغان ئىختىيارىي مۇخبىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

قىسقىسى، شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭقۇر، ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمىتى ئارقىلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى بىلەن ئاخبارات ئورۇنلىرى بىرلىكتە تىرىشسىلا ئاپتونوم رايونىمىز يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشۋىقات ـ خەۋەر بېرىش خىزمىتىدە چوقۇم يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىدۇ.

**(ئاپتور ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

### قىزىق جاۋاب

ئايالى ئېرىدىن رازى بولمىغان ھالدا: «ئاھ، خۇدا! ئۆز ۋاقتىدا ساڭا ياتلىق بولغان ۋاقتىمدا كاللام نەدە قالغان بولغىيتتى؟» دېدى.

«مېنىڭ يەلكەمدە قالغان» دەپ جاۋاب بەردى ئېرى دەرھاللا.

### ئۇستامانى يېتىشتۈرەلەمدۇ؟

ئايالى: سىز نېمىشقا باشقىلارغا بىر ئۇستا ئاشپەز بىلەن توي قىلدىم دەيسىز، مەن ھەتتا ياڭيۇمۇ پۇشۇرالمىسام» دېدى.

ئېرى: «مەن ھامان بىر سەۋەب كۆرسىتىشىم كېرەكتە».

**(تاھىر مامۇت تەرجىمىسى)**

# ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىمىز

مەھەممەت ئىمىش

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئۇلار يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملار بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەم شەرەپلىك ھەم ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش پارتىيىنىڭ تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىگەچى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق ھەم بەزى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇق.

## 1. ۋەكىللەر خىزمىتىنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلدۇق

يېزىمىز شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، 55 نەپەر يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، 13 نەپەر شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بار. بىز يېزىلىق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن كېيىن، ئۆگىنىشكە، ئالاقىلىشىشقا، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى 5 ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى دېموكراتىك بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەر بىر ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىدا بىردىن كاتىپ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمى، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمى قاتارلىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئايدا بىر قېتىم ئۆگىنىش قىلىش، بىر ۋەكىل بىر يىلدا 80 سايلىغۇچى بىلەن ئالاقىلىشىش، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى پەسىلدە بىر قېتىم پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. ھەر بىر ۋەكىلگە بىر نۇسخىدىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى، ھەر بىر ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىغا بىر سان «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» مۇشتەرى بولۇشنى يىلمۇ يىل داۋاملاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ سىياسەت ۋە قانۇن سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردۇق. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ھەرقايسى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى بىلەن ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتە 15 تۈرلۈك مەزمۇندا نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، يېرىم يىلدا بىر قېتىم

مەسئۇلىيەتنامىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى كىچىك تەكشۈرۈش، يىلدا بىر قېتىم چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، مۇنتىزىملىشىش يولىغا سالدۇق. ۋەكىللەر ئۆز سايلام رايونلىرىدا يىلدا بىر قېتىم سايلىغۇچىلارغا ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ سايلىغۇچىلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى بۇرچ تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق.

## 2. كۆزدىن كەچۈرۈش ـ تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى پائال جارى قىلدۇردۇق

ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى ۋەكىللەر پائالىيىتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى شۇنداقلا ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. بىز يېقىنقى يىللاردىن بېرى، شەھەر، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلەرنى چۆرىدەپ، يېزىمىزدا باختا سېتىۋېلىش خىزمىتى، چارۋىلارنى ھەمكارلىشىپ داۋالاش خىزمىتى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردۇق، بۇ جەرياندا پاختا ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىغا بېرىپ، دوكلات ئاڭلاش، نەق مەيداندا ئەھۋال ئىگىلەش، دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان دەرىجىنى، باھانى بېسىش، دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن خەۋەرسىز كېمەيتىش، بۇغدايىنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش ھەققى تۇتۇپ قېلىش، چارۋىلارغا مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرغاندا ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ھەق ئېلىش، چارۋىلارنى ئەسلەندۇرۇشتە چارۋىسى يوق ئائىلىلەردىن ئەسلەندۇرۇش ھەققى ئېلىشتەك يوللار بىلەن 220 ئائىلىدىن ئارتۇق يىغىۋېلىنغان 11 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېنىقلاپ چىقىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارغا قايتۇرۇپ بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشقا مەجبۇرلاش، دېھقانلاردىن قالايمىقان ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى يىغىش قاتارلىق مەسىلەرنى بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۇلارنى يېزىمىزدا پىلانلىق تۇغۇت چارىسىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ سىرتقى جايلاردىن يېزىمىزغا توي قىلىپ كەلگەن ئاياللاردىن ئالىدىغان 300 يۈەن تۇغۇتنى تىزگىنلەش پۇلىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ بۇ بىر تۈردىكى سېلىقىنى يېنىكلەتتۇق.

## 3. ۋەكىللەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورۇنلىرىنى باھالاشقا تەشكىللەپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق

ۋەكىللەرنى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا تەشكىللەش، خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى نازارەت قىلىشتىكى مۇھىم شەكىل، شۇنداقلا ۋەكىللەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ۋەكىللىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا، خوجايىنلىق ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز 1999 ـ يىلدىن بۇيان، ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇۋاتقان يېزىلىق يەر باشقۇرۇش پونكىتى، چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، يېزىلىق شىپاخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ

خىزمىتىنى باھالىدۇق. باھالاش داۋامىدا باشتىن ئاخىر يېزىلىق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىپ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردۇق. سىياسەت ۋە قانۇن سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان 25 نەپەر ۋەكىلنى باھالاش خىزمىتىگە قاتناشتۇردۇق. باھالاشقا ئاجرىتىلغان ۋەكىللەرنى بىرقانچە كۈن تەربىيىلەپ ئۇلارنى باھالاش ئۇسۇلى، مەقسىتى، تەرتىپلىرى قاتارلىق جەھەتتە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلدۇق. پۈتكۈل باھالاش خىزمىتى تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەر قىلىش، ھەرقايسى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئېلىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، نومۇر قويۇپ باھالاش، تۈزىتىش، تەرتىپكە سېلىش، خۇلاسە قىلىشتىن ئىبارەت بىرقانچە باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. ۋەكىللەر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ھەرقايسى سايلام رايونلىرىغا بېرىپ، باھالانغۇچى ئورۇننىڭ خىزمىتىگە قارىتا پىكىر ئېلىشقا قاتناشتى. باھالاش ئارقىلىق يېزىلىق يەر باشقۇرۇش پونكىتى ئولتۇراق ئۆي ئورنى كەسكەندە ئۆزىنىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرى، رەھبىرىي كادرلار، ئەل ـ ئاغىنىلىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ 141 شەھەر ئاھالىسىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان تېرىلغۇ يەرنىڭ تولۇقلىما ھەققىدىن 159 مىڭ يۈەننى كەم يىغىش، چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتى مەسئۇللىرى چارۋىلارنى ھەمكارلىشىپ داۋالاش خىراجىتىدىن 690 مىڭ يۈەننى شەخسىي ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىپ كېتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتىدىكى ئايرىم كىشىلەر ماي ساتقان 23 مىڭ يۈەننى خىيانەت قىلىپ كېتىش، يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ سېتىش ئارقىلىق 9 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىش، يېزىلىق شىپاخانا ھەمكارلىشىپ داۋالاش خىراجىتىگە داۋالاش ئۇسكۈنىسى سېتىۋېلىش، سىرتقى جايلاردا داۋالانغان بىمارلارنىڭ داۋالىنىش راسخوتىنى بەلگىلىمە بويىچە ئاتچوت قىلىپ بەرمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەر ئېنىقلاپ چىقىلدى. يۇقىرىقىلاردىن مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغانلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يۈزلىنىپ بېرىلدى، يەنە بەزىلىرى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، خىيانەت قىلغان، يۆتكەپ ئىشلەتكەن پۇللار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، باھالاش نەتىجىسىدە، باھالانغۇچى ئورۇننىڭ خىزمىتى بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىنىپ، قائىدە ـ تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتى، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭى، چاكارلىق ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، پاكلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ۋە ئاممىنىڭ، ۋەكىللەرنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خىزمەت ئۇسلۇبى، خىزمەت ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، باھالاش داۋامىدا ئاممىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ ئويىنىغان رولىدىن رازى بولدى.

**4. ۋەكىللەر يېزا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاشقا تەشكىللىنىپ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇللىرىنىڭ خىزمىتى ۋەكىللەرنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇلدى**

يېڭى بىر نۆۋەتلىك يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بەنرىسى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، ۋەكىللەرنى يىلدا بىر قېتىم يېزا باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاشقا تەشكىللەپ، بۇنى بىر تۈزۈمگە ئايلاندۇردۇق. ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاشتا ۋەكىللەر چوڭ يىغىنى ئېچىپ، يېزا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئۆزى مەسئۇل بولغان خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ۋەكىللەرگە ئايرىم ـ ئايرىم دوكلات بېرىش، ۋەكىللەر دوكلاتلارنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش، ئاخىردا باھالاش جەدۋىلى تارقىتىپ نومۇر قويۇپ باھالاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى ئۆگىنىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئەھۋالى، ئۆزى مەسئۇل بولغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئەھۋالى، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەھۋالى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئەھۋالى ، ۋەكىللەرنىڭ نازارىتىنى قوبۇل

قىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلار باھالاشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قىلىندى. باھالاش نەتىجىسى مۇنەۋۋەر، لاياقەتلىك، لاياقەتسىز دەپ تۆرتكە ئايرىلدى، باھالاش ئارقىلىق يېزا باشلىقلىرىنىڭ نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىشىنىڭ مۇناسىۋىتى، خوجايىن بىلەن چاكارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشتى، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىرادىسى كۈچەيتىلدى.

**5. ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە ھېس قىلغان بىرقانچە تەجرىبىلىرىمىز**

1) ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىللەرنى تەربىيىلەشكە، يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تەكشى ئەمەس، سىياسەت ۋە قانۇن سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ئۇلارنى تەربىيىلەشكە، يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ئۇلارنى تۇرلۇك پائالىيەتكە تەشكىللىمىگەندە ۋەكىللەر قۇرۇلتاي يىغىنىغا قاتناشساملا ۋەزىپەم تۈگەيدىكەن دەپ قاراپ، ھە دېسىلا ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمايدۇ. شۇڭا ۋەكىللەرنى قەرەللىك ھالدا بىر يەرگە يىغىپ ۋەكىللەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتى قايسى؟ قۇرۇلتاي يىغىنى مەزگىلىدىكى ۋەزىپىسى نېمە؟ قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى ۋەزىپىسىچۇ؟ ۋەكىللەر ئۆز رولىنى قانداق قىلغاندا ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ۋەكىللەرگە ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋەكىللەرنى «ۋەكىللەر قانۇنى»، «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن»، «كەنت كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلالايدۇ. 2) ۋەكىللەرنى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەرلىك تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ، ۋەكىللىك ئورنىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. 3) يىلدا بىر قېتىم ۋەكىللەر خىزمىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئېچىپ، ۋەكىللىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلغان، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلغان، ئىشلەپچىقىرىشتا، خىزمەتتە باشلامچى بولغان، قانۇننى تەشۋىق قىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ۋەكىللەرنى مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ۋە ئىلھام بېرىش كېرەك. 4) ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلتاي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، پىكىرلىرىنى، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش داۋامىدا ئىنكاس قىلغان پىكىر، تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارغا بېجىرىشكە يوللاپ بېرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ قوللاش كېرەك.

**(ئاپتور ئاقسۇ شەھەر ئىگەچى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت**



# خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش لازىم

ئابلىمىت توختى

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەرقايسى كەسىپ ۋە ھەرقايسى تارماقلاردىكى ئاممىغا ۋاكالىتەن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىغا قاتنىشىدۇ. دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەر خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك ساداسىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، ئىزچىل شارائىت يارىتىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سېلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر:

1. نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەرنىڭ پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سۈرۈك بېكىتىلىدۇ. يىغىن ھەيئەت رىياسىتى ياكى تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە رېئال ئەھۋالىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىپ يېتەكلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋاقتى، ئۇسۇلى، شۇنداقلا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى دەللىلەش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە بېرىشى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كەلگەن دېھقان ۋەكىللەر ۋە يېڭىدىن سايلانغان ۋەكىللەرنى مەركەزلىك تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى روشەنلەشتۈرۈشى لازىم. پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، رەتلەش ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇش خىزمىتىنى تەلەپ بويىچە ئىشلەش ئاساسىدا، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنىڭ بېجىرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەر توغرىسىدا ۋەكىللەرگە ئېنىق ۋەدە بېرىلگەن، بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى قايىل قىلارلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلمايدىغان ياكى ئارقىغا سۈرۈلۈپ، ۋەكىللەرنىڭ ئىشەنچىسىنى يوققا چىقىرىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش لازىم.

2. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشى لازىم. مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر ، تەكلىپلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن كۈتىدىغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسى . خۇددى بىر تامچە سۇدا قۇياش نۇرى ئەكس ئەتكەندەك ، پىكىر، تەكلىپلەرنىڭ بەزىلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىدىكى ئەڭگۈشتەر بولۇپ قېلىشى، بەزى پىكىر ، تەكلىپلەر ئەل قەلبىنى مايىل

قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى پىكىر، تەكلىپلەرنى بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقىشى، چوڭقۇر ئانالىز قىلىشى، بىجىرىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشى، جىددىي بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ھەرگىز ئارقىغا سۈرمەسلىكى، مۇددەت ياكى تۈركۈمگە بۆلۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلىرى توغرىسىدا ئېنىق ئىزاھات بېرىشى لازىم. ناھىيىمىز بىر مەزگىل زەيكەش قۇرۇلۇشىغا تازا ئەھمىيەت بېرەلمىگەنىدى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ شورلىشىش خەۋپى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى، بىر قىسىم يېزا، كەنتلەر ئۆز تەۋەسىدىكى زەيكەشلەر بىلەن ھەپىلىشىپ باققان بولسىمۇ، باش ئايىقى راۋان بولمىغاچقا ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بۇنى مەركەزلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، 1997 ـ يىلدىن بۇيان ناھىيە تەۋەسىدىكى زەيكەشلەرنى ئومۇميۈزلۈك راۋانلاشتۇرۇشقا كىرىشتى ھەمدە «جان تومۇر قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىدى. بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، زەيكەشلەر ئومۇميۈزلۈك راۋانلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن زەي ـ شور ئاپىتى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىپ، دېھقانلارنىڭ قەلبى شادلىققا چۆمدى. دېمەك، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋەكىللەرنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرى ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەھۋالىنى، ئاۋام خەلقنىڭ ئارزۇسىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

3. ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. پىكىر، تەكلىپلەر ئاساسەن خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ۋەكىللەر خەلق ئاممىسىنىڭ مىڭ پاتمان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ، يەنە ئاساسىي قاتلامغا قايتىدۇ. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردىن باشلاپ ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپلەرنىڭ جاۋابىنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار خەلق ئاممىسىغا جاۋاب قايتۇرمىسا «ئامانەتكە خىيانەت قىلغان» بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر پىكىر، تەكلىپلەرگە بىرمۇ بىر، ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشى، ھازىر ھەل قىلىدىغانلىرى توغرىسىدا ۋاقىت ھەم تەدبىرلەرنى ئېنىق بېكىتىش، مۇددەت ياكى تۈركۈمگە بۆلۈپ ھەل قىلىدىغانلىرى توغرىسىدا ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت چەكلىمىسى ھەم ئىشەنچلىك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنى خاتىرجەم قىلىشى لازىم. بىجىرىشكە زادىلا ئىمكانىيەت بولمايدىغان بىر قىسىم پىكىر، تەكلىپلەرگە قارىتا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى پۇختا دەلىللەپ، ئاممىغا ئېنىق چۈشەنچە بېرىش لازىم. شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش لازىمكى، پىكىر، تەكلىپلەرگە سالقىن مۇئامىلە قىلىنسا ياكى كاتىپ، فۇنكسىيىلىك تارماقلارغا تاشلاپ قويۇپ، ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ كارى بولمىسا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دىلى ئازار يەپ قالىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسىدە تەۋرىنىش كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، مەسئۇلىيەتچان، سەمىمىي، قىزغىن پوزىتسىيىدە بولۇش، قىلچە شەكىلۋازلىق قىلماسلىق لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى تەييارلاپ، ھەرقايسى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ھەم ۋەكىللەرگە قەدەر يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم.

4. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئەمەلىيلەشتۈرۈش تۈزلۈك خىزمەتلەرنىڭ قىيىن نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئەمەلىيەتكە ئىشىنىدۇ. شۇڭا، پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى ئۆز قەرەلىدە بىجىرىپ خەلق ئاممىسىنى خاتىرجەم قىلىشى لازىم. دەرۋەقە، بەزى پىكىر، تەكلىپلەرنى بىجىرىشتە قىيىنچىلىق مەۋجۇت، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چەكلىمىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش بەدىلىگە، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر قىسىم تۈرلەرنى دادىللىق بىلەن بىجىرىش، قىلچە ئىككىلەنمەسلىك لازىم. پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى بىجىرىشتە «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلسىلا، ئۇنى تېزدىن بىجىرىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىش ھەمدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساس سېلىش لازىم.

ناھىيىمىزنىڭ سىيەك يېزىسىدا ھەر يىلى 20 مىڭ مودىن ئارتۇق كېۋەز تېرىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پاختا بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىدىكى تۈۋرۈك كەسىپ ئىدى. ئەمما، بۇ يېزىدا پاختا زاۋۇتى بولمىغاچقا، دېھقانلار ئۇزاق يول يۈرۈپ ناھىيە بازىرىدىكى زاۋۇتقا كېلەتتى، مۇساپە يىراق بولغاچقا، بەزى دېھقانلار بىر قېتىملىق پاختا سېتىپ بېرىش ئۈچۈن 2 ـ 3 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلاتتى، دېھقانلار كېۋەز تېرىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن غەم قىلاتتى، غۇدۇرايتتى، سۆزلەيتتى، كېۋەز تېرىغانغا جاق تويانتى. شۇڭا، دېھقانلار دەسلەپتە خەت ئارقىلىق ياكى كوللېكتىپ ھال ئېيتىش شەكلى ئارقىلىق يېزىدا پاختا زاۋۇتى قۇرۇش تەلىپىنى ئىپادىلەشتى. ئەمما، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چەكلىمە نەزەردە تۇتۇلۇپ، بۇ مەسىلە كۈنتەرتىپكە قويۇلمىدى. 1999 ـ ، 2000 ـ يىللىرى بۇ يېزىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرىدا بۇ مەسىلىنى تەكلىپ سۈپىتىدە رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنىڭ ئۇدا 2 يىل ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى ھەمدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. مەخسۇس كۈنتەرتىپكە قويۇپ مۇھاكىمە قىلدى. ئاخىرى 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كېتىدىغان بۇ تۈرگە ئىش باشلاش قارار قىلىندى. سىيەك يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ قەلبى شادلىققا چۆمدى. 2000 ـ يىلى كۈزدە سىيەك يېزا پاختا زاۋۇتى ئىشقا كىرىشىپ، پاختا سېتىۋېلىشنى باشلىۋەتتى. سىيەك يېزىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق ئاممىسى قەلبىدىكى ئوبرازى تېخىمۇ نۇرلاندى، خەلق ئاممىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى مەدھىيىلەپ قوشاق توقۇشتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرى ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، تەدبىر بەلگىلەشىدە، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشتە، «ئەل رايى قۇرۇلۇشى»نى ئۇنۇملۇك يولغا قويۇپ، پارتىيە بىلەن ئامما، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپلەرنى بېجىرىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، نۇقتىلىق ھالدا مۇھاكىمە قىلىشى، تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى، كىچىك كېلىمات، پايدىسىز مۇھىت، ئىقتىسادىي چەكلىمە قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئەستايىدىل بېجىرىشى، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپلەردىن مەيلى پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر بىۋاسىتە بېجىرىشكە تېگىشلىكلىرى بولسۇن ياكى فۇنكسىيىلىك تارماقلار بىر تەرەپ قىلىدىغانلىرى بولسۇن، چوقۇم مەخسۇس نۇر تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئورۇن ۋە شەخسلەرگە قەدەر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ھەم سۈپەتلىك بېجىرىلىشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم.

مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ھەرىكەت ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇش ـ نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەربىيىسىدىكى نېگىزلىك مەسىلە. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيىلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش لازىم.

**(ئاپتور يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

# مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا

گۈلزار روزى

دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مەمۇرىي قانۇن، نىزاملاردا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان مەمۇرىي تالاش ـ تارتىش دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەرىكىتى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ماجىراغا قارىتىلغان.

دۆلىتىمىزدە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مەمۇرىي تالاش ـ تارتىش تۆۋەندىكى ئىككى خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. يەنى، بىرى، مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالايلى، مەمۇرىي ئورگانلار كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى قىلىشتا ئاساسلانغان ئاساسىي پاكىت ئېنىق بولماسلىق، قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان بېكىتمە، بۇيرۇقلارنى تەدبىقلاش خاتا بولۇش، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە خىلاپلىق قىلىش، تەرەپلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزۈش، مەمۇرىي باشقۇرۇشتا ھوقۇق دائىرىسى ئېنىق ئايرىلماسلىق، خىزمەت ھوقۇقىدىن ھالقىپ كېتىش ياكى خىزمەت ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش، كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت نامۇۋاپىق بولۇش قاتارلىقلار. يەنە بىرى، مەمۇرىي باشقۇرۇشتىكى قارىمۇ قارشى كىشى قانۇن، نىزام، قائىدىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قانۇن، نىزام، قائىدىگە خىلاپ ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن مەمۇرىي ئورگاننىڭ قانۇن بويىچە جازا بېرىشىنى چۈشەنمەي، جازاغا قايىل بولمىغانلىق تالاش ـ تارتىشى كېلىپ چىقىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىشتىكى تۈزۈمى ئىككى خىل بولۇپ، بۇنىڭ بىرى بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگانغا ئەرز قىلىش ياكى قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىش، بۇ مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈمى دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم، كېسىم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىش، بۇ مەمۇرىي دەۋا دېيىلىدۇ.

مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش تالاش ـ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى قايتا تەكشۈرۈش پائالىيىتى بولۇپ، بۇ يەككە تەرەپلىك ھەرىكەتكە قارىتىلغان. بۇ خىل تۈزۈمدە مەمۇرىي تالاش ـ تارتىشلارنى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ئۆزلىرى ھەل قىلىدۇ.

مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشتا ھەل قىلىنىدىغان يادرولۇق مەسىلە كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ۋە مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقى بولۇپ، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش بىلەن مەمۇرىي دەۋانىڭ پەرقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى» 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا

قويۇلدى. مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈپ
يولغا قويۇلۇشى «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»، «دۆلەت تۆلەم قا-
نۇنى»، «مەمۇرىي جازا قانۇنى» قاتارلىق مەمۇرىي باشقۇ-
رۇشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار بىلەن زىچ بىرلىشىپ، دۆلە-
تىمىزدە مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ
بىرقەدەر مۇكەممەل قانۇن ـ قائىدىلىرى سىستېمىسىنى
شەكىللەندۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مەمۇرىي
ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى
ۋەمەمۇرىي جەھەتتىن قانۇننى ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنى
قانۇن ئىزىغا سېلىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ قارشىدىكى
پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق
ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

دۆلىتىمىزدە ھۆكۈمەت ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ
كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق بولغان ـ بول-
مىغانلىقى، مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ،
نامۇۋاپىق ۋە قانۇنغا خىلاپ بولغان مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئۆز
ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە
باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن
بويىچە قوغداش ـ قوغدىيالماسلىق، مەمۇرىي قايتا قاراپ
چىقىش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى مەس-
لىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن
باشقۇرۇش تەۋەلىكى نەزەرىيىسى ھەل قىلىدىغان ئاساسىي
مەسىلە ــ قانداق مەمۇرىي تالاش تارتىشلارنى قايسى دەرى-
جىلىك مەمۇرىي ئورگان ياكى قايسى خىلدىكى مەمۇرىي
فۇنكسىيىلىك ئارماق قاراپ چىقىش مەسىلىسى بولۇپ،
مەملىكىتىمىزدىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلى-
نىشىدىكى دەرىجە ئالاھىدىلىكى ۋە تارقىلىشىنىڭ كۆپ
خىللىقى، ئالاقىدارلىقى بويىچە شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت
ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل ئارماق ياكى بىر دەرىجە
يۇقىرى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشنى پى-
رىنسىپ قىلغان ھالدا بېكىتىلگەن بولۇپ، تۆۋەندىكىلەرگە
بۆلۈنۈشكە بولىدۇ.

### 1. قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى

بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

ا) قايتا قاراپ چىقىشنىڭ شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت
ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل ئارماقنىڭ ياكى بىر دە-
رىجە يۇقىرى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى.
پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ناھىيە دەرىجە-
لىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەت-
لىرىنىڭ خىزمەت ئارماقلىرىنىڭ ياكى يەرلىك ھەر دەرى-
جىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرى-
كىتىگە قايىل بولماسلىق تۈپەيلىدىن قايتا قاراپ چىقىشنى
ئىلتىماس قىلغاندا، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى
بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل ئارماق ياكى بىر دەرىجە يۇقى-
رى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ.
مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئا-
ساسەن، بۇ يەنە تۆۋەندىكى 3 تۈرگە بۆلىنىدۇ:

(1) مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش شۇ دە-
رىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى
مەسئۇل ئارماقنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇش.

دۆلىتىمىزدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىدىن قارىغاندا كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ تو-
لىسى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجە-
لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەت ئارماقلىرىنىڭ ھە-
رىكىتى بولۇپ، مەمۇرىي پائالىيەتنىڭ كەسپچانلىقى ۋە
تېخنىكىلىقى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېسابقا
ئېلىپ «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»دا قايتا قاراپ
چىقىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، شۇ ئارماق قاراشلىق شۇ
دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى
مەسئۇل ئارماققا ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقى، ئەمما تا-
موژنا، پۇل مۇئامىلە، دۆلەت باج ئورگىنى ۋە تاشقى پېرېۋوت
باشقۇرۇش ئورگىنى قاتارلىق تىك لىنىيە بويىچە رەھبەر-
لىك قىلىدىغان مەمۇرىي ئورگانلار ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكى
ئورگانلىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بول-
مىغانلار مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى بىر دەرىجە يۇقىرى
مەسئۇل ئارماققا ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەن-
گەن. بۇنداق بەلگىلەش ئومۇملۇق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ

مۇناسىۋەتنى توغرا تەڭشەپ، مەمۇرىي ئىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، يەرلىك قورۇقچىلىقنى تۈگىتىش، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەت تارماقلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ھەمدە تارماق قورۇقچىلىقىنىمۇ تۈگىتىشكە پايدىلىق.

(2) بىر دەرىجە يۇقىرى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇش.

«مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»دا: يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولمىغانلار مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى بىر دەرىجە يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارمىقى بىلەن بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق ھۆكۈمىتى ئارىسىدا كەسىپ يېتەكچىلىك مۇناسىۋىتى يوق، رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يوق. ئۇنىڭ بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولمىغاندا، يۇقىرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار قايتا قاراپ چىقىشنى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت قوللانغان يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇكى، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارمىقىغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولمايدۇ.

(3) ئورتاق بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگاننىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇش.

مەمۇرىي باشقۇرۇش جەريانىدا بەزى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ مەمۇرىي ئورگان ئورتاق نام بىلەن قوللىنىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنداق ئورتاق كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتكە قايىل بولماسلىق تۈپەيلىدىن پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئۇلارغا ئورتاق بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگانغا ئىلتىماس قىلسابولىدۇ. بۇ يەردە سۆزلەنگەن ئورتاق كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى قوللانغان سۇبيېكت ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ بولۇشى كېرەك. مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

بىرىنچىسى: بىر ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ خىزمەت تارمىقى ئورتاق نام بىلەن قوللانغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت. بۇ خىل كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقارغان مەمۇرىي تالاش ـ تارتىشلارنى قايتا قاراپ چىقىش بۇ تارماقلار قاراشلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ھەرقايسى تارماق مەمۇرىي ئورگانلار قايتا قاراپ چىقىدىغان مەمۇرىي تالاش ـ تارتىشلارنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىدىغان، پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار قايسى ئورگانغا بېرىپ ئىلتىماس قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىسى: دەرىجىلىرى ئوخشىمايدىغان ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ خىزمەت تارمىقى ئورتاق نام بىلەن قوللانغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت. بۇ خىل ئورتاق كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقارغان مەمۇرىي تالاش ـ تارتىشلارنى مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ئورتاق مەمۇرىي ھەرىكەتنى قوللانغان تارماقلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىسى: ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورتاق نام بىلەن قوللانغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت. بۇ خىل ئورتاق كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقارغان مەمۇرىي تالاش ـ تارتىشلارنى مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى قوللانغان ھۆكۈمەتتىن بىر دەرىجە يۇقىرى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى كېرەك.

2) ئەسلى ھۆكۈم چىقارغان ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

يۇقىرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار مەمۇرىي ئورگاننىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولماي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، قايتا قاراپ چىقىشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى بويىچە، بۇ، قايتا قاراپ چىقىش بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگاننىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى كېرەك. لېكىن «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسىدە گوۋۇيۈەن تارمىقىنىڭ ياكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولمىغانلار مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى گوۋۇيۈەننىڭ شۇ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنى قىلغان تارمىقىغا ياكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىغانلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسىمۇ، گوۋۇيۈەننىڭ قارار چىقىرىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ. گوۋۇيۈەن مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئاخىرقى قارارنى چىقىرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گوۋۇيۈەن دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن پۈتۈن دۆلەتتە مەمۇرىي تەدبىر كۆرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. گوۋۇيۈەن يۇقىرى ـ تۆۋەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىۋېرىپ، ئىشۋازلىق قىلىپ كەتسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گوۋۇيۈەننىڭ تارماقلىرى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولماي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، قايتا قاراپ چىقىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى گوۋۇيۈەندە بولماستىن، بەلكى ئەسلى ھۆكۈمنى چىقارغان ئورگاندا بولىدىغانلىقى، يۇقىرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىسا ئاندىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسىمۇ بولىدىغانلىقى ياكى گوۋۇيۈەننىڭ قارار قىلىپ بېرىشىگە ئىلتىماس سۇنسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئەمما گوۋۇيۈەننىڭ قارار چىقىرىپ بېرىشىگە ئىلتىماس سۇنغاندا ئاخىرقى قارارنى گوۋۇيۈەننىڭ چىقىرىدىغانلىقى، قايتا سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3) ۋاكالەتچى ئورگان ياكى ئاپپاراتنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولماي ئىلتىماس قىلىنىدىغان مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن، نىزاملاردىكى قانۇن چىقىرىش روھىغا ئاساسلانغاندا، ۋاكالەت ئورگانلىرى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى (تەۋەلىكىدە رايون بولغان شەھەرلەر، ئوبلاستلار بۇنىڭ سىرتىدا) خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەسىس قىلغان ۋاكالەت ئورگانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاكالەت ئورگانلىرى بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئەمەس، ئۇلار پەقەت ئۇلارنى تەسىس قىلغان خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ۋاكالىتەن تەۋەلىك رايونلاردىكى مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، نازارەت قىلىدۇ، مەمۇرىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تاپشۇرغان ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

«يەرلىك تەشكىلىي قانۇن»نىڭ 59 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنى، يەنى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋاكالەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى مەزكۇر قانۇننىڭ ۋاكالەت ئورگانلىرىغا ھوقۇق بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»دا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن بويىچە تەسىس قىلغان ۋاكالەت ئورگىنىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولمىغانلار مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى شۇ ۋاكالەت ئورگىنىنى تەسىس قىلغان خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ۋاكالەت ئاپپاراتىنىڭ ئۆز نامىدا قانۇننى ئىجرا قىلىش ـ قىلماسلىقى قانۇن، نىزام، قائىدىلەردە ئېنىق ھوقۇق بېرىش ـ بېرىلمەسلىكىگە باغلىق. قىسقىسى، قانۇن،

نىزاملاردا مەمۇرىي خىزمەت ھوقۇقىنى ئۆز نامىدا يۈرگۈزسە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ۋاكالەت ئاپپاراتىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولماي، قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماس قىلىنغان بولسا، قايتا قاراپ چىقىش ۋاكالەت ئاپپاراتىنى تەسىس قىلغان تارماقنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. قانۇن، نىزاملاردا مەمۇرىي خىزمەت ھوقۇقىنى ئۆز نامىدا يۈرگۈزسە بولىدىغان بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنمىگەن ۋاكالەتچى ئاپپاراتىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولماي قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماس قىلىنغان بولسا، ئەمەلىيەتتە قايتا قاراپ چىقىش شۇ ۋاكالەتچى ئاپپاراتنى تەسىس قىلغان تارماقنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولماستىن، شۇ تارماقتىن بىر دەرىجە يۇقىرى تارماقنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى لازىم.

4) قانۇن ۋە نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن ياكى مەمۇرىي جەھەتتىن ھاۋالە قىلىنغان تەشكىلاتنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولماسلىقتىن كېلىپ چىققان قايتا قاراپ چىقىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

قانۇن ھوقۇق بەرگەن تەشكىلات—قانۇن، نىزام ياكى بەزى قائىدىلەردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مەلۇم مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمەت ھوقۇقىغا ئىگە تەشكىلاتقا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلار ئەمەلىيەتتە مەمۇرىي ئورگان بولمىسىمۇ، قانۇن، نىزام ياكى قائىدىلەر ھوقۇق بەرگەنلىكتىن، ئۇلار مەلۇم جەھەتتە مەمۇرىي ھوقۇققا ئېرىشىپ مەلۇم جەھەتتىكى مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى بولالايدۇ. ئۇمۇمەن، قانۇن ھوقۇق بەرگەن تەشكىلاتنىڭ بىۋاستە مەسئۇل مەمۇرىي ئورگىنى بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قانۇن، نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولمىغانلار مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى شۇ تەشكىلاتنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە، يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارمىقىغا ياكى گوۋۇيۈەنىنىڭ تارمىقىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

مەمۇرىي ئورگان ھاۋالە قىلغان تەشكىلات دېگەندە، مەمۇرىي جازا قانۇنىنىڭ 19 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەلۇم ئىشنى بېجىرىشنى باشقا بىر ئورگانغا، خادىمغا ياكى باشقا شەخس ياكى تەشكىلاتقا ھاۋالە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھاۋالە قىلىنغۇچى ھوقۇقنى ئۆز نامىدا ئەمەس، بەلكى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ نامىدا يۈرگۈزىدۇ. شۇڭا، ھاۋالە قىلىنغۇچى مەمۇرىي سۇبيېكتلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. «مەمۇرىي جازا قانۇنى»، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ھاۋالە قىلىنغان تەشكىلاتنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولماي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، بۇ، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ھاۋالە قىلغان مەمۇرىي ئورگاندىن بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگاننىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ.

5) ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مەمۇرىي ئورگاننىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولماسلىقتىن كېلىپ چىققان مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

مەمۇرىي ئورگان قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ مەمۇرىي سۇبيېكتلىق سالاھىيىتى يوقىلىدۇ ۋە يۆتكىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەمۇرىي خىزمەت ھوقۇقى ۋە مۇناسىپ مەمۇرىي مەجبۇرىيىتى ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزىدىغان مەمۇرىي ئورگانغا يۆتكىلىدۇ. ئەمما ئەسلىدىكى مەمۇرىي ئورگان قىلغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ئۇ ئورگاننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن كۈچتىن قالمايدۇ. مەمۇرىي باشقۇرۇشتىكى قارىمۇقارشى كىشى ئۇچۇن يەنىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قىلغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولمىغانلار، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى شۇ ئورگاننىڭ ھوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈۋاتقان مەمۇرىي ئورگاننىڭ بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگىنىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

## 2. بىكىتىلگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى

بېكىتىلگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى قايتا قاراپ

چىققۇچى ئورگان دېلونىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى مەسىلىسىدە بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، قانۇن بويىچە بېكىتىپ بېرىش شەكلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە قارىتىلىدۇ. باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بېكىتىش مەمۇرىي ئورگاننىڭ خىزمەت ھوقۇقى بولۇپ، ئالاقىدار تەرەپنىڭ بېكىتىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئالاقىدار تەرەپنىڭ بېكىتىش ھوقۇقى بولماسلىقى بېكىتىلگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى بىلەن قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكىنىڭ مۇھىم پەرقى ھېسابلىنىدۇ.

بېكىتىلگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى مەسىلىسىدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئەھۋال بولىدۇ:

1) باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىش.

باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىش، مەمۇرىي ئورگانلار ئوتتۇرىسىدا مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىقىپ، تالاش ـ تارتىشنى مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولماي قالغاندا، ئۇلارغا ئورتاق بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگان باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى شۇ مەمۇرىي ئورگاننىڭ بىرىگە بەلگىلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

2) باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى يۆتكۈزۈپ بېرىش.

بۇ، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ئۆزى قوبۇل قىلغان قايتا قاراپ چىقىش دېلوسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ دېلونى باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئېلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى سېزىپ، دېلونى باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قايتا قاراپ چىقىلىدىغان دېلونىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە مۇنداق ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى لازىم:

(1) ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگاننىڭ دېلوغا قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بولماسلىقى شەرت. (2) ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان دېلو قوبۇل قىلىنغان دېلو بولۇشى شەرت. (3) ئۆتكۈزۈۋالىدىغان قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگاننىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن دېلوغا قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بولۇشى شەرت.

قايتا قاراپ چىقىلىدىغان دېلونىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى: تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تارمىقى ئارىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىككى خەلق ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەڭ دەرىجىلىك قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگانلار ئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش دېيىلىدۇ. ئىككىنچىسى: دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگانلار ئارىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش.

### 3. باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى تاللاش

باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى تاللاش دېگەندە، ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ مەمۇرىي ئورگان قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماس قىلىنىغان ئىشقا قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندا، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئۇلاردىن بىرىنى تاللاپ قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىدا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولمىغانلار قەيەرگە ئىلتىماس قىلىشنى ئۆزى تاللاپ، شۇ تارماق قاراشلىق شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىسمۇ، بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل تارماققا ئىلتىماس قىلىسمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى



# قۇرت ماجىراسى

ئىدرىس قادىر

2000 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھېبى توختىسىيت ئۆيىدە 45 ياشلاردىكى ناتونۇش بىر دېھقان بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. بۇ دېھقان تولىمۇ خاپا كۆرۈنەتتى.

بۇ دېھقان قاغىلىق ناھىيە شاخاپ يېزا چىۋا كەنت 3 - مەھەللىدىن بولۇپ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئۇ دا قۇرت تۇتۇش دولقۇنىدىن ئېشىپ قالغان چالا قۇرتلارنى كېۋەزلىكنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ يەنىلا 50 تىن ئاشۇرالمىغانلىقىنى، 10 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە توغرا كەلگەنلىكى، بۇ پۇلنى ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ بېرەي، دەپ يالۋۇرسىمۇ گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ «ھازىرلا بېرىسەن» دەپ تورۇۋېلىپ ئۇرغانلىقى، بۇ دېھقان تاياق زەربىسىگە چىدىماي، گۇرۇپپا باشلىقىغا قول ياندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ماجىرانىڭ تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىپ، ھەتتا يېزىلىق ھۆكۈمەتكىمۇ ئاڭلانغانلىقى، يېزىدىن بۇ دېھقاننى تۇتۇپ ئەدەبلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى. ئۆزىگە پاناھ ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان باشلىقلارنى ئىزدەپ بۇ جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ھېبى توختىسىيتنىڭ بىر تەرەپتىن بۇ ئاقكۆڭۈل دېھقانغا ئىچى ئاغرىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ھېسسىياتىنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىپ، دېھقانلارغا بىھۇدە ئازاپ سالغان قىسمەن كادىرلارغا غەزىپى كەلدى. كۈن كەچ بولۇپ قالغانىدى، ھېبى توختىسىيت بۇ دېھقاننىڭ قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ دېھقاننى باشلاپ ماجىرا يۈز بەرگەن كەنتكە باردى. يېرىم يولغا بارغاندا بۇ دېھقاننىڭ ئايالى ئۇچرىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كېچىدىن بېرى يېزىدىن ئەۋەتىلگەن چاپارمەنلەر ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، ئايالنى «ئېرىڭنى تاپ» دەپ ئالدىغا سېلىۋېلىپ ئۇخلىغىلى قويماپتۇ. ئايالمۇ ئېرىدىن ئەنسىرەپ تىت - تىت بولغانلىقتىن ئېرىمنى تاپاي دەپ، ناھىيە با-



زىرىغا ماڭغانىكەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھېبى توختىسىيت: «بۇ نېمە دېگەن يولسىزلىق!» دەۋەتتى ۋە ئايالىنىمۇ ماشىنىغا چىقىرىپ يولنى داۋاملاشتۇرىدى. كەنتكە بېرىپ ھەر تەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ ئېنىقلىۋىدى، ئەھۋال ھېلىقى دېھقاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ دېگىنى بىلەن ئوخشاش چىقتى ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ بىر ئايدىن بۇيان دېھقانلاردىن ھەر خىل ئۇسۇلدا 2500 يۈەن جەرىمانە ئالغانلىقىنى، بۇنىڭغا تالون يازمىغانلىقىنى دېيىشتى. ھېبى توختىسىيت بۇ دېھقان بىلەن مەھەللە باشلىقىنى ياراشتۇرۇپ قويىدى ۋە كەنت ـ مەھەللە كادىرلىرى ۋە دېھقانلارغا «ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش نىزامى»نى ئەينەن ئوقۇپ چۈشەندۇردى ھەمدە نەق مەيداندا جەرىمانىگە ئالغان پۇلنى شەرتسىز قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرىدى. بۇنى ئاڭلىغان دېھقانلار خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا بارىكاللا ئېيتىشتى.

ھېبى توختىسىيت بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. كەنت كادىرلىرىنىڭ دېھقانلاردىن ئورۇندىيالمىغان قۇرت ۋەزىپىسى ئۈچۈن جەرىمانە ئېلىشى يېزىلىق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەنلىكى، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن باشقا كەنتلەردىمۇ جەرىمانە ئالغانلىقى، كەنتلەر دېھقانلاردىن جەرىمانە ئېلىشنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى بىھۇدە زىيانغا ئۇچراتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە يېزىغا باردى.

يېزىلىق پارتكوم ئىشخانىسىدا شۇجى بىخارامان ئۇخلاۋاتاتتى. ھېبى توختىسىيت ئۇنى ئويغاتتى. شۇجى ھېبى توختىسىيتنى كۆرۈپ مەنسىتمىگەن ھالدا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. جەرىمانىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا تەرىنى تۈرۈپ: «بۇنى يېزىلىق پارتكوم يىغىنىدا قارار قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. دېھقانلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، سىياسەتنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ، گەپ قىلساق ئاڭلىمايدۇ، ئىجرا قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى جەرىمانىگە ئوخشاش مەمۇرىي ۋاستە قوللانمىساق ئىشنى يۈرۈشلەشتۈرگىلى بولمايدۇ ...» دەپ ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى. بۇ ئەھۋالدىن زەردىسى قاينىغان ھېبى توختىسىيت كەسكىن ھالدا شۇجىنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن شۇجى غوزا قۇرتى تۇتۇش دولقۇنى باشلانغان بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، بەش كەنتتىن جەمئىي 4768 يۈەن جەرىمانە ئالغانلىقى ھەم ئۇنىڭغا تالون يېزىپ بەرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ھېبى توختىسىيت ئالاقىدار قانۇن، نىزام، سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، جەرىمانىنى كىمدىن ئالغان بولسا، شۇنىڭغا شەرتسىز قايتۇرۇپ بېرىشنى تاپىلىدى. شۇجىمۇ ۋەدىسىدە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن 3 كۈن ئىچىدە دېھقانلاردىن ئېلىنغان جەرىمانە پۇلنىڭ ھەممىسى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلدى.

بۇ ئىش شاخاپ يېزىسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا يېزىلارغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. كىشىلەر: «خ ق دائىمىي كومىتېتى ھەقىقەتەنمۇ خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدىكەن، رەھبىرىي كادىرلار ھېبى توختىسىيتتەك بولسا ، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ...» دېيىشتى.

(ئاپتور قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت



# تەپەككۇر ۋە ئۈمىد

ئىمىن هاشىم

ئەسسالام قەدىناس دوستۇم ۋە ھەققىي سىردىشىم «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»!

مەن ساڭا تەگرىتېغىنىڭ باغرىدىكى تېكەستىن، ياپ-لاقلىرى كەڭ، سۇلىرى ئەلۋەك، چارۋىلىرى مول، سۈت قې-تىقلىرى دەرياسى بىلەن ئۇخشاش دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان بىراق جايدىن مۇشۇ سالىمىمنى يېزىۋاتىمەن!

مەن گەرچە ساڭا ناتونۇش بولسامۇ، سەن ماڭا ئىن-تايىن تونۇش. سېنىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە ئارامبەخش بېرى-ۋاتقان سەھىپىلىرىڭ مۇبارەكلىنىۋاتقان مۇشۇنداق خۇ-شاللىق كۈنلەردە، ئالغا ئىنتىلىشچان يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ساڭا بولغان ھۆرمەت تەشەككۇرۇم ئۇرغۇپ-ماقتا. قەلبىمنىڭ ئەلچىسى بولغان قەلىمىمدىن ئۇرغىغان مەدھىيە، ئۈمىد ۋە تىلەكلىرىمنى قوبۇل ئەتكەيسەن!

سەن دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان مېنى خۇددى ماگنىت-تەك ئۆزۈڭگە تارتىپ، مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردۇڭ. ماڭا كۈچ - مادار، بىلىم - جاسارەت بەخش ئېتىپ كەلدىڭ! مەن سېنى دوست تۇتتۇم، سېنى چىن دىلىمدىن سۆيۈپ كەل-دىم، سېنى ئۆزەمگە ئۇستاز تۇتتۇم! سەن بىلەن بولغان 16 يىللىق دوستلۇقۇم مېنىڭ ئەقلىمنى بارغانسېرى زېرەك، كۆزۈمنى بارغانسېرى ئۆتكۈر، قەلبىمنى بارغانسېرى روشەن قىلدى، مېنى بارغانسېرى ئۈمىدۋار، چىداملىق، تىرىشچان ۋە جاسارەتلىك بولۇشقا ئۈندىدى، مېنى ئۇشتۇمتۇت جۇ-دۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي نابۇت بولۇپ كېتىدىغان ئا-جىز گىياكەبى ھالەتتىن تېكەسنىڭ قاتمۇقات ئېگىز تاغ-لىرىدا نى - نى قار - شۇېرغانلارغا بەرداشلىق بېرىپ، قىش - ياز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ياپپېشىل قارىغايدەك قىلىپ تاۋلىماقتا. رەڭگارەڭ سەھىپىلىرىڭ بىلىمگە تەشنا قەلبىم ئېتىزىنى مېۋىلىك باغىستان يۈيۈندۇردى، كۆڭ-لۈمنى زېرىكىشتىن خالىي قىلدى.

مەن سېنى نېمە دەپ تەرىپلىسەممۇ، قانچىكى كۆككە كۆتۈرسەممۇ ئەرزىيدۇ. بىلىم ئېلىشنىڭ لەززىتىنى تېتى-دىم. «بىلىمدىن ئۆزگە چىن يار يوق» دېگەننىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەندىم. مەن سېنىڭ ھەر بىر سانىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر خۇشاللىق كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

سېنىڭ «ئۇيبزۇر»، «مەخسۇس خەۋەر»، «رەھبەرلەر-نىڭ سۆزى»، «يەرلىك نىزام»، «بىلىم كۆزنىكى»، «مۇلا-ھىزە»، «خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە»، «تەكشۈرۈش دوكلا-تى»، «خەۋەرلەر»، «دېلودىن مىسال»، «دۇنياغا نەزەر»، «ئە-تەرمىلەر»، «ئەتىرگۈل» قاتارلىق سەھىپىلىرىڭ ماڭا بىلىم شەربىتىنى تېتىتتى. ھەر بىر سەھىپەڭنى يېنىشلاپ ئو-قۇغان چاغدىكى خۇشاللىقىمنى، ساڭا بولغان تەشەككۇر ئۈمىدلىرىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ، قەلەم بىلەن بايان قىلىشقا ئاجىزمەن. سەن مېنىڭ خالىس يېتەكچىم! مۇشۇ خېتىمدە سەندىن ئالغان تەسىراتلىرىمنى ساڭا بولغان تونجى قېتىملىق تونۇشلىرىمنى ۋە ساڭا بولغان ھۆرمەت تەشەككۇرلىرىمنى ئىزھار ئەتتىم.

بۇ تەشەككۇر مەدھىيەمنى ساڭا ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان جىمىكى خالىس، نامسىز قەھرىمانلىرىڭغا يەتكۈزۈپ قويغايسەن. مېنىڭ تەسىراتىم، ئالغان مەنىۋى ئوزۇقلىرىمنىڭ ھەممىسى ساڭا ۋە سېنىڭ نامسىز ئوت يۈرەك يېتەكچى كىشىلىرىڭگە، ئىشچان مۇھەررىرلىرىڭگە مەنسۇپ.

ئاخىردا سەندىن شۇنى ئۈمىد قىلماقچىمەنكى: سەن ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئېلىنىڭ شانلىق قەدەملىرى بىلەن تەڭ جاھاندا تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغايسەن.

**(ئاپتور تېكەس ناھىيە بازارلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن)**



# غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش بىرنەچچە ئەۋلاد تەلپۈنۈپ كەلگەن ئۇلۇغۋار ئىش



ياقۇپ ساماق



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى پۈتۈن ئورگاندا غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش تەشۋىقات تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئورگاندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىگە قىلدى.

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، غەربىي رايوندىكى بىرنەچچە ئەۋلاد كىشى تەلپۈنۈپ كەلگەن ئۇلۇغۋار ئىش. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئۇلۇغ، مۈشكۈل، ئۇزاق مۇددەتلىك چوڭ قۇرۇلۇش. ئورگان مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى پۈتۈن ئورگاندا غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشقا ئائىت تەشۋىقات تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇپ، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇزاققىچە جەڭ قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى لازىم دەپ ھېسابلىدى.

ئورگان مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى يېڭى ئەھۋال، يېڭى ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، ئورگاننىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئورگاندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئۇزاق مۇددەتلىك قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىپ، بۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. پۈتۈن ئورگان تولۇق ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەل قانۇنچىلىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە بەل باغلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «-

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى. بۇ كۇرسقا ئورگاندىن مۇئاۋىن باشقارمىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار قاتناشتى. كۇرس باشلىنىش ھارپىسىدا مۇدىر ھامىدىن نىياز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. كۇرسقا قاتناشقان يولداشلار بىردەك مۇنداق دېيىشتى: «بىز چوقۇم بۇ قېتىمقى قانۇن چىقىرىش قانۇنىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، يېڭى دەۋردىكى يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەم زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەل قانۇنچىلىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.»

ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرى ئورگاندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تولۇق ئەھمىيىتى، غەربىي رايوننىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئۆگىنىش - مۇزاكىرە داۋامىدا، كۆپچىلىك مۇنداق دېيىشتى: «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىپ تەرەققىياتنى تېزلەتكەندە غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، دۆلەتنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يىراقنى كۆرۈپ، ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويغان زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى. بۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بىز يۈزدەيۈز ھىمايە قىلىمىز، بۇ ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىمىز». ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولداش جياڭ زېمىننىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆزلەشتۈردى. ئورگان مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ھەرقايسى كومىتېت، تەتقىقات ئىشخانىسى، ھەرقايسى باشقارما ۋە بۆلۈملەر كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئاساس مەزمۇن قىلىنغان 8 تام گېزىتى چىقاردى. يۇقىرىقى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، تام گېزىتى چىقىرىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش تەشۋىقات تەربىيىسى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش داۋامىدىكى خىزمەت قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خىزمەت ئۈنۈمى ئۆستى.



**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

## ساقچىنىڭ سۆزى مەنىلىك

شوپۇر: «ماشىنامنىڭ تورمۇزى ئىشلىمىگەندە، ئەڭ ياخشىسى قانداق قىلاي؟»

ساقچى: ئىمكانقەدەر ئەرزانراق نەرسىنى سوقىقىن

### ئايال شوپۇر

بىر ئايال شوپۇر يېزا يولىدا ماشىنا ھەيدەۋاتقان ۋاقىتتا، ئىككى مانتيورنىڭ ئىستولىغا يامىشۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

«دۆت» دېدى، ئۇ ھەمرىيىغا ئۈنلۈك ئاۋازدا، «ئۇ چوقۇم مېنى ئىلگىرى ماشىنا ھەيدەپ باقمىغان دەپ قالدى».

**(تاھىر مامۇت تەييارلىغان)**

# سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار ئاپتورلۇق هوقۇقىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولامدۇ؟

**يولداش مۇھەررىر:**

*يازغۇچى × ×بىر كىتاب يېزىپ چىققان. بىراق، كىتاب نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ جازا بېرىلگەن ھەمدە سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان. ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئۇنى ئاپتورلۇق هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ دەپ قاراپ، كىتابنى ئۇنىڭ نامىدا نەشر قىلدۇرۇۋالغان. × ×بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق ھېلىقى دوستىنى سوتقا ئەرز قىلغان. ئۇنىڭ دوستىنىڭ قىلمىشى هوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش بولامدۇ؟*

**قەشقەردىن : سالاھىدىن**

**سالاھىدىن ئەپەندى:**

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى» نىڭ 2 - ماددىسىدا: «جۇڭگو پۇقرالىرى، قانۇنىي ئىگىلىرى ياكى قانۇنىي ئىگە ھېسابلانمايدىغان ئورۇنلىرى، ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان - قىلىنمىغان بولسۇن، مۇشۇ قانۇن بويىچە ئاپتورلۇق هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»نىڭ 94 - ماددىسىدا: «پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ئاپتورلۇق هوقۇقىدىن (نەشر هوقۇقىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ. قانۇن بويىچە ئىسمىنى يېزىش، ئېلان قىلىش، نەشرگە بېرىش، ھەق ئېلىش هوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تۇرۇپتىكى، ئاپتورلۇق هوقۇقى بىر خىل ھەق تەلەپ هوقۇقى بولۇپ، پۇقرالار تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بۇ خىل هوقۇق ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان كىشىمۇ ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئوخشاشلا ھەق تەلەپ سۇبيېكتى بولالايدۇ ھەمدە ئاپتورلۇق هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكىتىمىزدە ئەسەرنى ئۆزلۈكىدىن قوغداش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. يەنى ئەسەر بارلىققا كەلگەن ھامانلا ئاپتور ئۇنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ - دە، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ ھەمدە سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن ھەق تەلەپ هوقۇقىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. ئاپتورلۇق هوقۇقىنى قوغداش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاپتور مەلۇم شەكىلدىكى ئەسەرنى ئۆزى ئىجاد قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئاپتورلۇق سالاھىيىتىگە ۋە ئاپتورلۇق هوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇڭا، يازغۇچى × ×گەرچە سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ داۋاملىق ئۆز ئەسىرىنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇقىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ دوستىنىڭ قىلمىشىدىن × ×نىڭ ئەسەرنى نەشر قىلىش ۋە ئەسەرگە ئۆز ئىسمىنى يېزىش هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشى شەكىللىنىدۇ.

**(ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە كومىتېتىدىن: ئەركىن روزى)**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم

# ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەكمۇ؟



**يولداش مۇھەررىر:**

*جاۋابكار تۇراخۇن ئۆت قويۇپ دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن شۇ كۈنىلا ج خ ئورنىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ھەمدە ئۇ ئۆزىمۇ كۆيۈپ يارىلانغانلىقتىن داۋالىنىشقا توغرا كېلىپ، ج خ ئورگىنى بىر تەرەپ قىلغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرىنى قوللانغان. تۇراخۇننىڭ ئۆت قويۇش دېلوسى سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۇراخۇننى كېپىلگە بېرىش شەرتىگە توشمايدۇ دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قولغا ئېلىش قارار قىلىنغان. بىراق تۇراخۇن كېپىلگە بېرىلگەن مەزگىلدە قېچىپ كەتكەن. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە دادىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا يەنە سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىككى خىل كۆز قاراش پەيدا بولىدۇ. بىرىنچىسى، جاۋابكار جىنايەت سادىر قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى مەلۇم قىلغان. گەرچە بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگەن مەزگىلدە قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئاخىر يەنە ئۆزىنى مەلۇم قىلغان. شۇڭا ئۇنى ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى دەپ بېكىتىش كېرەك؛ ئىككىنچىسى، جاۋابكار ئۆزىنى مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ جازالىنىشىدىن قورقۇپ، كېپىلگە بېرىلگەن مەزگىلدە قېچىپ كەتكەن. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر قانۇننى كونكرېت تەتبىقلاش توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئىزاھات»نىڭ 1 ـ ماددىسىدا، جىنايەت گۇماندارى ئۆزىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن يەنە قېچىپ كەتكەن بولسا ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، تۇراخۇننى ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلماسلىق كېرەك. بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ قايسىسى توغرا؟*

**مەكىتتىن: سۇلايمان**

**يولداش سۇلايمان:**

جاۋابكار تۇراخۇننىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگەن مەزگىلدە قېچىپ كېتىپ يەنە دادىسىنىڭ ياردىمىدە سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشىنى ئۆزىنى مەلۇم قىلغان دەپ بېكىتىش كېرەك. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە قانۇننى كونكرېت تەتبىقلاش توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئىزاھات»نىڭ 1 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدا، جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان مەزگىلدە ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار ھەتتا جاۋابكارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. تۇراخۇننىڭ قىلمىشى دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالغا كىرىدۇ. يۇقىرىقى ئىزاھاتتىكى «ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ يەنە قېچىپ كەتكەنلەرنى ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئۆزىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن، كېيىن قەتئىي ئۆزىنى مەلۇم قىلمىغان ئەھۋالغا قارىتىلغان. شۇڭا ئۇنى تۇراخۇنغا تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ.

**(ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ـ ئەدلىيە كومىتېتىدىن: ئەركىن روزى)**

## سۇرەتلىك خەۋەر

# ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى پارتكومى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار كومىتېتىنىڭ تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، دائىمىي كومىتېت پارتكومى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. كۇرستا نازارەت، باشقارمىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەربىيىلەندى. كۇرستا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ مەھەممەت رەجەپ مۇھىم سۆز قىلدى.

كۇرسانتلار سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا تۆۋەندىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۆگىنىش قىلدى:

1. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش؛ 2. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق



قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ماقۇللىغان «10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 7 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «10 - بەش يىللىق پىلان» كۆرەش نىشانى، يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسىي تېمىسى ۋە مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىشقا ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش؛ 3. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى



سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش؛ 4. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش.

**تاھىر مامۇت**

## باي ناھىيىسىدە «مىتېئورولوگىيە قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹مىتېئورولوگىيە قانۇنى›نى يولغا قويۇش نىزامى»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى كۆزدىن كەچۈرۈلدى

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلقئارا ھاۋارايى كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۈگىنىڭ ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ باي ناھىيىسىدىكى ۋەكىللىرى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئورگاندىكى ئالاقىدار خادىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، «مىتېئورولوگىيە قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹مىتېئورولوگىيە قانۇنى›نى يولغا قويۇش نىزامى»نىڭ باي ناھىيىسىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. كۆزدىن كەچۈرۈش تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلدى:

1. مىتېئورولوگىيىنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى رولى؛ 2. مىتېئورولوگىيىنىڭ پايدىلىنىش رولى، ئۈسكۈنىلەرنى ئاسراش ئەھۋالى؛ 3. يەرلىك مىتېئورولوگىيە چىقىمىنى مالىيە پىلانىغا كىرگۈزۈش مەسىلىسى؛ 4. مىتېئورولوگىيىنىڭ ئالدىن بايقاش ۋە مەلۇمات بېرىش ئەھۋالى؛ 5. مىتېئورولوگىيە ئورگىنىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ئەھۋالى؛ 6. مىتېئورولوگىيىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئەھۋالى.

كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مىتېئورولوگىيە گۇرۇپپىسىغا قارىتا ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويدى: 1. قانۇننى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەسپىي خادىملارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش. 2. مىتېئورولوگىيە مەلۇماتىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش. 3. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مىتېئورولوگىيە خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش.

باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:

ئارزۇگۈل مۇھەممەت

## قۇمۇل شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش ـ تاپشۇرۇۋېلىش يىغىنى ئاچتى

قۇمۇل شەھەرلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر 120 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بەرگەنىدى. شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى تۈرگە ئايرىپ، تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغاندىن كېيىن، 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش ـ تاپشۇرۇۋېلىش يىغىنى ئاچتى ھەمدە يىغىندا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن ئورۇنلارنىڭ نامىنى ئاتاپ تەقدىرلىدى.

يىغىندا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى 120 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئالاقىدار تارماقلار ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. شەھەرلىك

خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلى تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئەمۋالىدىن ۋەكىللەرنى رازى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**قۇمۇل شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:**
**قېيۇم باياخۇن**

## ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئەمەلىي ياردەم بەرگەنلىكتىن ئۇنسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىغىزلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى

ئۇنسۇ ناھىيىسىدە 2000 ـ يىلىدا ناھىيە ـ يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 390 ۋەكىلى، 213 نامرات دېھقان ـ چارۋىچىنى ھۆددىگە ئېلىپ 27 مىڭ 278 يۈەن نەق پۇل، 15 مىڭ 898 كىلو گرام ئاشلىق، 154 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 21 مىڭ 973 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 21 مىڭ 718 يۈەن قىممىتىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچى ياردەم قىلىغاندىن باشقا، 108 مىڭ 400 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇۋېلىشى ئۈچۈن ئەمەلىي ياردەم قىلدى. نەتىجىدە 118 ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ناھىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.

بۇ ناھىيىنىڭ ئۇنسۇ بازىرىدا تۇرۇشلۇق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 11 ۋەكىلى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، سايلىغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنسۇ بازىرىنىڭ يار ئۈستىگە جايلاشقان مەھەللىسىدىكى 73 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل بولماي، يىل بويى يىراق جايلاردىن سۇ ـ مۇز توشۇپ ئىچىۋاتقانلىقىغا ئائىت پىكىرلىرىنى توپلاپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ بېجىرىشىگە سۇنۇپ، ئۇنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي قاراپ، ناھىيىگە قاراشلىق كەسپىي تارماقلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرى بىر ئاز چىقىرىش يولى ئارقىلىق 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ جوغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىپ بەردى. ئاممىلار ناھايىتى رازى بولۇپ ۋەكىللەرنىڭ رولىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

**ئۇنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:**
**مەتنىياز مەمتىز**

## كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سەھىيە سىستېمىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى

كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئالدى بىلەن 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان باھالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. باھالاش خىزمىتىگە ئاجرىتىلغان ۋەكىللەر، خىزمەتچى خادىملار باھالاش خىزمىتىدىن ئىلگىرى باھالانغۇچى ئورۇن ئىجرا قىلىۋاتقان ئالاقىدار قانۇن، بەلگىلىمىلەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ باھالاش خىزمىتى نىزامى»نى ئۆگەندى. باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر باھالاشتا يولغا قويۇلىدىغان لايىھە بويىچە ئالدى بىلەن

سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىپ، باھالانغۇچى ئورۇننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى شۇنداقلا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، باھالاشقا ئالاقىدار ئىشلارنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى. مۇشۇ ئاساستا شەھەر ـ بازار پىكىر ئېلىش گۇرۇپپىسى ۋە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرى پىكىر ئېلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 4500 پارچە پىكىر ئېلىش جەدۋىلىنى تارقىتىپ، 4284 پارچە پىكىر ئېلىش جەدۋىلىنى يىغىۋالدى. يىغىۋېلىنغان بۇ پىكىرلەرنىڭ 1349 پارچىسى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى رەھبەرلىك بەنزىسىگە، 809 پارچىسى سەھىيە ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باھالاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى بۇ پىكىرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە نەقلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىردا سەھىيە ئىدارىسى رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئالاقىدار 23 پارچە، ئىدارە مەسئۇلىغا ئالاقىدار 24 پارچە پىكىرنى بېكىتىپ چىقتى.

بۇ قېتىملىق باھالاشتا سەھىيە ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل خادىملار، ناھىيىگە قاراشلىق داۋالاش ئورۇنلىرى ۋە يېزا، بازارلىق شىپاخانا مەسئۇلى بولۇپ 38 خادىمدىن ئۆزلىرى ئىجرا قىلىۋاتقان ئالاقىدار قانۇن بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىندى، ئىمتىھاندا 35 كىشى لاياقەتلىك، 3 كىشى لاياقەتسىز بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 92% بولدى، باھالاشتا سەھىيە ئىدارىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، تۈزىتىشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن؛**

**ئەخمەتجان مۇللامەت**

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى مىسكىن كۆڭۈللەرنى شادلىققا چۆمدۈردى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئۆزى نۇقتا قىلىپ تۇتقان ئارال يېزا ئارالئېرىق كەنتى، كۆكيار يېزا قولتۇق كەنتىدىكى باققۇچىسى يوق ياشانغان، مېيىپ ھەمدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان قىسمەن نامرات ئائىلىگە مېھر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى شادلىققا چۆمدۈردى.

بۇ دائىمىي كومىتېت بۇ يىل كىرگەندىن بېرى ئىلگىرىكى يىللارغا ئوخشاش ھەر خىل ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدە ئورگاندىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەم بىر قىسىم ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 2180 يۈەن قىممىتىدە ئۇن ـ ياغ، كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، كېگىز، قەنت ـ ناۋات قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بىلەن 37 ئائىلىنى يوقلىدى ھەمدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان 5 نامرات ئائىلىگە 3 يىل مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز، يەنە 5 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بەردى. شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ بۇ يىللىق كېۋەزگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش مەزگىلىدە ئورگاندىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئارالئېرىق كەنتىدە 12 نامرات ئائىلىنىڭ 15 مو كۆلەمدىكى يېرىگە ئۆلچەملىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بېرىپ، ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلدى.

ئارالئېرىق كەنتىدىكى نامرات ئائىلىلەر، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆزۈندىن بېرى غەمخورلۇق قىلىپ ياردەم قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، پارتىيىگە رەھمەت! دېيىشتى.

**كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:**

**مەمەتجان ھېيت**

## چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىلغارلارغا ئىلھام بەردى

يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 2000 ـ يىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى بارلىق ئىشچى خىزمەتچىلەر، ناھىيىگە قاراشلىق 7 يېزا، بىر بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، كاتىپلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مەخسۇس ئىشلەيدىغان مۇناسىۋەتلىك يولداشلار قاتناشقاندىن باشقا يەنە ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىق پارتكومنىڭ بىردىن مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆتكەن بىر يىللىق ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئىلغار بولغان ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى قاتارلىقلارمۇ يىغىنغا قاتناشتۇرۇلدى.

يىغىندا ئۆتكەن بىر يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە قانۇنىي نازارەتچىلىك ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ياخشى تەجرىبە ياراتقان چىرا، دامىكو ۋە چاقار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى تەجرىبە تونۇشتۇردى. ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئىلغار بولغان 2 ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەجرىبە تونۇشتۇردى. يىغىن ئاخىرىدا ئۆتكەن بىر يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئىلغار بولغان چىرا يېزا دامىكو ۋە چاقار قاتارلىق 3 يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى، 4 ئىلغار ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى، 8 مۇنەۋۋەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدىن 6 ئىلغار خىزمەتچى مۇكاپاتلاندى.

**چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:**
**مەتقۇربان ھوشۇر**

## 2001 ـ يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى

ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى موشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتكەنلىكتىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، خىزمەتلەر ئوبدان ئىشلەنگەنلىكتىن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. يېزا (بازار)لىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىشقا مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ، ئۆز رايونىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مۇشتەرى قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى پونكىت ھەم قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار، ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 668 نۇسخا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىپ، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا مۇشتەرى سانىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

**ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:**
**ئەركىن تۇرسۇن**

**خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىر ماموت**

# ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر روھىي ھالەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر



شەن فېڭ

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇشى، ئىش كۈتۈپ تۇرۇشى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشى جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر بۇ مەسىلە ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ساغلام بولمىغان پسىخىك ھالەت ساقلانماقتا:

1. تەڭلىكتە قېلىش: ئۇزۇن مۇددەت پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەت جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئارتۇقچىلىق بولمىغانلىقتىن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى كەسىپ توغرىسىدا ھېچقانداق تونۇش بولمىغاچقا، ئۆزىنى ئامالسىز دەپ قاراپ تەڭلىكتە قېلىش پسىخىكىسى شەكىللىنىدۇ.

2. يۆلىنىۋېلىش، كۈتۈپ تۇرۇش: بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئەمگەكچىلەر بازاردا ئىشقا ئورۇنلىشىش سىۈپىتىگە ئايلاندى. ئەسلىدە ئۇلار ئىشنى ئۆزلىرى تاللىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇرۇندىنلا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەك تارماقلىرى ياردەملىشىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تەشكىللەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرى ئىش تېپىشتەك «3 نى بىرلەشتۈرۈش» پرىنسىپى يولغا قويۇلغاچقا، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ھەمىشە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ھۆكۈمەتكە تايىنىۋالىدىغان، پۇرسەت كۈتىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى.

3. ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىش: ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ئىش ئورنىدىن قېلىش يۈزى تۆكۈلىدىغان ئىش، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ، خۇسۇسىي دەپ ئايرىش كۆز قارىشى يەنىلا كۈچلۈك. چوڭ ئىشنى قىلالماي، كىچىك ئىشنى ياراتماي، ئائىلىسىدىكى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۆزىنى ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەي، كەمسىتىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلايدۇ. مۇھەببەتتە، ئائىلىدە كىرزىس يۈز بەرگەندە ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

4. بىر تەرەپلىمە قاراش: بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلارنى دۆلىتىمىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتتىن ۋە كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ چىرىكلىشىشىدىن كۆرۈپ، جەمئىيەتتىمىزدىكى ناپاك رەھبەرلەرگە، ناتوغرا ئىستىللارغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلاردا بىر تەرەپلىمە قاراش شەكىللىنىدۇ.

5. ئۈمىدسىزلىنىش: ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلار كۆرۈلگەندە، ئەتراپىدىكى كۆپىيىۋاتقان ئىشسىزلارنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

6. ئۈچ ئېلىش: ئايرىم ساندىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىش كۆتۈپ تۇرغان ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن، توغرا كىشىلىك قاراش ۋە قىممەت قارىشى كەمچىل بولغاچقا، ھەمىشە لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ھېچقانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپلا يۈرىدۇ. بۇنىڭغا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بىرقانچە خىل پسىخىك روھىي ھالەتنىڭ ئۇنىۋېرسال رولى قوشۇلسا ھازىرقى رېئاللىقتىن نارازى بولۇش، باشقىلاردىن، جەمئىيەتتىن ئۆچ ئېلىش، ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت يولىغا مېڭىشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

« لياۋنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى » ژۇرنىلىنىڭ **2000** ـ يىل **11** ـ سانىدىن

**نۇسرەت كېۋىر** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرىم

## جۇئېنلەي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈچۈن قالدۇرغان يەر

جۇ ئېنلەي زۇڭلى بىۋاسىتە ئايرىپ بەرگەن ھەمدە يېرىم ئەسىردىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر پارچە يەر ھازىر ئىشلىتىلمەس قىلىنىۋاتقان 2008 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تەنتەربىيە مەيدان سارىيى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلمەكچى.

بۇ يەر خەيدىيەن رايونىنىڭ ۋۇكېسۇڭ يۇيۇەنتەن يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 76.58 گېكتار كېلىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، زۇڭلى جۇ ئېنلەي بۇ يەرنى تەنتەربىيە مەيدان ـ سارىيى ياساش ئۈچۈن ئالدىن ئايرىپ قويغان ھەمدە بۇ يەرنىڭ پەقەت تەنتەربىيە مەيدان ـ سارىيى ياساشقىلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

لېكىن يېرىم ئەسىردىن بۇيان تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ يەردە ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاقىتلىق قۇرۇلۇشلار سېلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۆي ـ زېمىن كەسپى ھەددىن تەرەققىي قىلغاچقا، بۇ يەرنىڭ باھاسى ۋە جايلاشقان ئورنىمۇ مۇۋاپىق بولغاچقا، بۇ يەر خېلى كۆپ ئۆي ـ زېمىن سودىگەرلىرىگە ياراپ قالدى. ئۇلار بۇ يەرنى ئېلىشقا خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەيدىيەن رايونى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇ يەردىكىلەرنى كۆچۈرۈش ۋەزىپىسى ئىككى ئاي ئىچىدىلا ئورۇندىلىپ بولدى. بۇ يەر تۈزلەنگەندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلىنىۋاتقان 2008 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ۋاسكېتبول مەيدانى ۋە كالتەك توپ مەيدانى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**«قانۇن مەجمۇئەسى گېزىتى»**دىن **ئايگۈل جېلىل** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرىم

# سۇڭ چىڭلىڭنىڭ پارتىيىگە كىرىش جەريانى

1957 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ليۇ شاۋچى شاڭخەيگە كەلدى. ئۇنىڭ ئايالى ۋاڭ گۇاڭمېيمۇ مۇئاۋىن رەئىس سۇڭ چىڭلىڭنى يوقلاپ بىللە كەلدى. سۆھبەت ئارىلىقىدا سۇڭ چىڭلىڭ ليۇ شاۋچىغا سەممىيلىك بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇشنى ئىلتىماس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يولداش ليۇ شاۋچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ كۆڭۈل بۆلگەن هالدا سۇڭ چىڭلىڭغا: «بۇ بىر چوڭ ئىش، مەن بۇنى مەركىزىي كومىتېتقا ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا يەتكۈزەي» دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي، مەركىزىي كومىتېت بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ليۇ شاۋچى ۋە جۇ ئېنلەينى شاڭخەيگە ئەۋەتىپ، سۇڭ چىڭلىڭنى يوقلىدى. ليۇ شاۋچى سۇڭ چىڭلىڭغا: «مەركىزىي كومىتېت سىزنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىڭىزنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى، هازىرغا قەدەر سىزنىڭ پارتىيە سىرتىدا تۇرۇپ ئىنقىلاب ئىشلىرىدا ئوينىغان رولىڭىز خېلى زور بولدى، گەرچە پارتىيىگە كىرمىگەن بولسىڭىزمۇ، پارتىيىنىڭ بارلىق چوڭ ئىشلىرىنى سىزگە ۋاقتىدا ئۇقتۇرىمىز، سىز بۇ پائالىيەتلەرگە قاتناشسىڭىز بولىدۇ» دېدى. سۇڭ چىڭلىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، بۇنى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە باش تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى، روشەنكى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولغانىدى. 1981 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋاڭ گۇاڭمېي «خەلق گېزىتى»دىن سۇڭ چىڭلىڭنىڭ كانادا ۋىكتورىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي قانۇن دوكتورى بولغانلىقى توغرىسىدىكى سۈرەتلىك خەۋەرنى كۆردى. 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋاڭ گۇاڭمېي مەخسۇس جۇڭگونەنخەيگە كىرىپ، باش شۇجى خۇ ياۋباڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ: «ئەگەر سۇڭ چىڭلىڭ يەنىلا پارتىيىگە ئەزا بولۇشنى تەلەپ قىلسا مەركىزىي كومىتېت تەستىقلارمۇ؟» دەپ سورىدى. خۇ ياۋباڭ: «ئەگەر ئۇ تەلەپ قىلسا، بىز ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. ۋاڭ گۇاڭمېي بۇ ۋەدىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندىلا سۇڭ چىڭلىڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى يوقلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، سۇڭ چىڭلىڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولسىمۇ، زېهنى ئوچۇق ئىدى. ۋاڭ گۇاڭمېي سەممىي هالدا ئۇنىڭ كېسەللىك ئەهۋالىنى سورىدى هەم ئۇنىڭدىن: «سىزنىڭ پارتىيىگە كىرىش تەلىپىڭىز هېلىمۇ ئېسىڭىزدە، هازىرمۇ مۇشۇنداق ئارزۇيىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدى. سۇڭ چىڭلىڭ بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ، هېلىمۇ شۇنداق ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىدى. ۋاڭ گۇاڭمېي قايتا ـ قايتا ئۈچ قېتىم سورىدى. سۇڭ چىڭلىڭ يەنىلا ئېنىق قىلىپ پارتىيىگە كىرىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ۋاڭ گۇاڭمېي شۇ هامانلا خۇ ياۋباڭغا تېلېفون بېرىپ، سۇڭ چىڭلىڭنىڭ يەنىلا پارتىيىگە كىرىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. خۇ ياۋباڭ تېلېفوندا: «مەن بۇ ئىشنى هازىرلا هەل قىلاي» دەپ جاۋاب بەردى. شۇ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى پېڭ جېن، دېڭ يىڭچاۋ قاتارلىقلارمۇ سۇڭ چىڭلىڭنى كۆرگىلى كەلدى. سۇڭ چىڭلىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتتى. 15 ـ ماي چۈشتىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ سىياسىي بيۇرونىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا يولداش سۇڭ چىڭلىڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىشقا هەممەيلەن بىردەك قوشۇلدى. ئىككى هەپتىدىن كېيىن، يەنى 1981 ـ يىلى 29 ـ مايدا سۇڭ چىڭلىڭ ئالەمدىن ئۆتتى.

**ئايگۈل مەمەت** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇهەررىر: نۇرگۈل كېرىم

# ئادەم ئالداپ سېتىشتىن كېلىپ چىققان

## دېلو ئىچىدىكى دېلو

جياڭسۇ ئۆلكىسى سياڭ ناھىيىسىدىكى جېڭ مىڭيۈ، جېڭ مىڭلياڭلارنىڭ ئاياللارنى ئالداپ سېتىش پەۋقۇلئاددە زور جىنايەت شايكىسىدىكى تۆت ئاساسىي جىنايەتچى سوتچىيەن شەھىرىدە قانۇن بويىچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. يېقىندا سياڭ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بۇ ئاياللارنى ئالداپ سېتىش پەۋقۇلئاددە زور جىنايەت شايكىسىنىڭ ئارقىسىدا، يەنە بىر خەلق ساقچىسىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ قانۇنسىزلىق قىلىش دېلوسى بارلىقىنى بايقىدى. يېقىندا، جىنايەت گۇماندارى مەزكۇر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىدىكى گې جۇخېنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىش قارار قىلىندى.

1993 ـ يىلى، جىنايەت گۇماندارى گې جۇخې جېڭ مىڭيۈ، جېڭ مىڭلياڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق 8000 يۈەن جەرىمانە قويۇپ بىر تەرەپ قىلغان ھەمدە بۇ پۇلدىن 3000 يۈەننى چۆنتىكىگە سالغان. كېيىن گې جۇخې يەنە كۆپ قېتىم جېڭ مىڭيۈ، جېڭ مىڭلياڭلارغا خەۋەر يەتكۈزگەن. گې جۇخېنىڭ مەيلىگە قويۇۋېتىشى ۋە قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن جېڭ مىڭيۈ، جېڭ مىڭلياڭ ئاكا ـ ئۇكىلار نەچچە يىل ئىچىدە تېز تەرەققىي قىلىپ، ئاياللارنى ئالداپ سېتىشتىكى پەۋقۇلئاددە زور جىنايەت شايكىسىغا ئايلانغان. ئالداپ سېتىلغان ئاياللار 500 دىن ئاشقان. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، جياڭسۇ ئۆلكىسى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان «قېچىپ يۈرۈۋاتقان ئۈچ خىل ئادەم»لەرنى تۇتۇش ھەرىكىتى داۋامىدا، سياڭ ناھىيىسى لىنىخې ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى گې جۇخې تارتماستىن جياڭسۇ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى تۇتۇش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزگەن جېڭ مىڭيۈ، جېڭ مىڭلياڭلارغا لىنىخې بازىرىدا ياتاق، تاماق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى پاناھلاندۇرغان. 1993 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا گې جۇخېنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى ئارقىسىدا، ئۇلار كۆپ قېتىم قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئارىدا گې جۇخې ئۇلاردىن ئون مىڭ يۈەن پارا ئالغان.

**«تەپتىش گېزىتى»**نىڭ **2001** ـ يىل **2** ـ فېۋرال سانىدىن

**ئايگۈل جېلىل تەرجىمىسى**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم



# جۇڭگو «نىكاھ قانۇنى»نىڭ قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى

①1950 ـ يىلى جۇڭگونىڭ تۇنجى «نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. ئۇ فېئوداللىق نىكاھ ـ ئائىلە تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، نىكاھتا ئەركىن بولۇش، ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇش، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قاتارلىق پرىنسىپلار تۇرغۇزۇلدى.

②1980 ـ يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى، يەنى ـ ھازىرقى «نىكاھ قانۇنى» مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭغا ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتەك بىر قاتار پرىنسىپلار قوشۇلدى. ئۇ ئېلىمىز نىكاھ ـ ئائىلە تۈزۈمىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

③نىكاھ قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى 1990 ـ يىلى «ھازىرقى زامان نىكاھ ـ ئائىلە مەسىلىسى» دېگەن كىتابتا 1980 ـ يىلدىكى «نىكاھ قانۇنى»غا تۇنجى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

④1995 ـ يىلى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ يىغىنىدا «نىكاھ قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قارارى ماقۇللىنىپ، نىكاھ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بۇنى قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى.

⑤خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ھاۋالە بىلەن قاتنىشىشى ئارقىلىق «نىكاھ قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

⑥1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە مۇتەخەسسىسلەر يېڭى «نىكاھ قانۇنى»نىڭ سىناق لايىھىسىنى تۆت قېتىم ئۆزگەرتتى.

⑦2000 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يېڭى «نىكاھ قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپ لايىھىسى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ يىغىنىدا تۇنجى قېتىم قاراپ چىقىلدى.

**(«سەھەر ئىستىمالى سەھەر گېزىتى»دىن شەھەرىيار سەمەت تەرجىمىسى)**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم



## غۇنچە سىناق

تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ مەلۇم سىنىپىدا ئېغىزچە سىناق ئېلىنىدى. پروفېسسور بىر ئوقۇغۇچىدىن مەلۇم بىر خىل دورىنىڭ بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارى قانچىلىك؟ دەپ سورىدى.

ئوقۇغۇچى: «5 گرام» دەپ جاۋاب بەردى. بىر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋابىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەسلىدە 5 مىللىگرام بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇقۇپ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «پروفېسسور، جاۋابىمنى تۈزىتىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟» دەپ سورىدى.

پروفېسسور سائەتكە قاراپ قويغاندىن كېيىن: «زۆرۈرىيىتى قالمىدى، دورىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، بىمار 30 سېكۇنت بۇرۇنلا بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى!» دېدى.

# سۈرۈشتۈرمە بىلەن سوراشنىڭ پەرقى

چېن جيەنجى

1. خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا سۈرۈشتۈرمە بىر خىل تەكلىپ بولۇپ، سوراشتا تەكلىپ خاراكتېرى بولمايدۇ.

2. مەقسىتى ئوخشىمايدۇ. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھ-
كىمىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ قىلمىشلى-
رىنى ھەم خىزمىتىدىكى زور سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىشتە
سۈرۈشتۈرمە قويۇلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا تەكلىپ-
لەرنى قاراپ چىققاندا ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنى ئې-
نىقلەشتە سوراش قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭ سۈرۈشتۈرۈش مە-
نىسى يوق.

3. سۇبيېكتى ئوخشىمايدۇ. سۈرۈشتۈرمىنىڭ سۇب-
يېكتى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر
ئۆمەكلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كو-
مىتېت تەركىبىدىكىلەر بولىدۇ. سۈرۈشتۈرمە شەكىللەن-
سىلا ئوتتۇرىغا قويغۇچىدىن سىرت ھاكىمىيەت ئورگىنى-
نىڭ سۈرۈشتۈرمىسىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا دۆلەت ھاكىمىيەت
ئورگىنىنىڭ ھوقۇقى شەخس ۋە بىر قىسىم كىشىلەردە
بولماستىن كوللېكتىپتا بولىدۇ. شۇڭا دۆلەت ھاكىمىيەت
ئورگىنىنىڭلا سۈرۈشتۈرمە قويۇش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇنىڭ
دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. سوراشنىڭ سۇبيېكتى ھەر دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ۋە خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بولىدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى تارراق
بولىدۇ.

4. ئوبيېكتى ئوخشىمايدۇ. سۈرۈشتۈرمە قويۇش ئوب-
يېكتى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، سوت ۋە تەپتىش ئورگانلىرى-
نىڭ مەسئۇللىرىدۇر. سوراش ئوبيېكتى قاراپ چىقىلىدى-
غان تەكلىپ بىلەن ئالاقىدار دۆلەت ئورگىنى ۋە مەسىلە-
لەردۇر.

5. مەسىلە ئوخشىمايدۇ. سۈرۈشتۈرۈلىدىغان مەسىلە-
لەر مۇھىم پاكىتلىرى ئاساسەن ئېنىق بولغان، ھەق ـ نا-
ھەقنى ئايرىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ قىل-
مىشلارنى تۈزىتىش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئېنىق بېكىتىش
زۆرۈر بولغان چوڭ مەسىلىلەردۇر. سورىلىدىغان مەسىلىلەر
قاراپ چىقىلىدىغان تەكلىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ،
چوڭراق مەسىلىلەر بولسىمۇ، ئادەتتىكى مەسىلىلەر بول-
سىمۇ بولۇۋېرىدۇ. پاكىتلىرى، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان
مەسىلە ياكى گۇمانلىق مەسىلە بولسىمۇ بولىدۇ.

6. جاۋاب بېرىش ياكى چۈشەندۈرۈش دائىرىسى
ئوخشىمايدۇ. سۈرۈشتۈرمە شەكىللەنگەندىن كېيىن، سۈ-
رۈشتۈرۈلگۈچى ئورگاننىڭ مەسئۇلى خەلق قۇرۇلتىيى يى-
غىنى، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى يىغىنى، مەخسۇس
كومىتېت يىغىنى، بىر ياكى بىرنەچچە ۋەكىللەر ئۆمىكى-
نىڭ يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا يازما ياكى
ئاغزاكى جاۋاب بېرىشى شەرت. سوراشتا، سورالغۇچى ئورۇن
ئادەم ئەۋەتىپ ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكى
يىغىنىدا چۈشەندۈرسىلا بولىدۇ.

7. جاۋاب بەرگۈچى ۋە چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سالاھى-
يىتى ئوخشىمايدۇ. سۈرۈشتۈرمە قويۇلغان ئورگاننىڭ
مەسئۇلى يىغىنغا كېلىپ ئاغزاكى جاۋاب بېرىشى كېرەك
ياكى يازما جاۋاب بېرىلگەن بولسا، بۇنىڭغا سۈرۈشتۈرمە
قويۇلغان ئورگاننىڭ مەسئۇلى ئىمزا قويۇشى كېرەك. سو-
راشتا مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگىنى ئادەم ئەۋەتىپ چۈ-
شەنچە بەرسىلا بولىدۇ، يازما چۈشەنچە بېرىش ۋە ئورۇن
مەسئۇلى چۈشەنچە بېرىش دېيىدىغان بەلگىلىمە يوق.

8. يۈرگۈزۈش تەرتىپى ئوخشىمايدۇ. سۈرۈشتۈرمىنىڭ قوللىنىلىش تەرتىپى مۇرەككەپ بولۇپ، يازما قويۇلۇشى شەرت ھەم ئادەم سانى جەھەتتە بەلگىلىمىسى بار. سۈرۈشتۈرمە قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى ۋە دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلۇپ، ماقۇللىنىپ بېكىتىش قارارى چىقىرىلغاندىن كېيىن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. جاۋاب ئاغزاكى ياكى يازما بولسىمۇ بولىدۇ. سۈرۈشتۈرمە قويغۇچى ۋەكىل ياكى ئەزا مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارغا قاتنىشىپ ياكى سىرتتىن قاتنىشىپ پىكىر بەرسە بولىدۇ. سوراشتا ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ سوراشنى بېكىتىش ۋە يازما قويۇلۇشى جەھەتتە بەلگىلىمىسى يوق. سورالغۇچى ئورۇن ئادەم ئەۋەتىپ ئىزاھات بەرگەندە سورىغۇچىنىڭ پىكىر بېرىش ـ بەرمەسلىكى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمە يوق.

9. قانۇنىي كۈچىنىڭ قاتتىقلىقى ئوخشىمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا سۈرۈشتۈرمىنىڭ ئورنى يۇقىرى، كۈچى زور، تەسىرى زور. سوراشنىڭ ئورنى تۆۋەنرەك، كۈچى ئاجىزراق، تەسىرى كىچىكرەك.

10. قانۇنىي ئاقىۋىتى ئوخشىمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر بەزى ئورۇنلارنىڭ سۈرۈشتۈرمىگە بەرگەن جاۋابىدىن قانائەتلەنمىسە قايتا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ۋەكىللەر سوراشقا بېرىلگەن چۈشەنچىدىن رازى بولمىسا قايتا چۈشەنچە بېرىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردا بەلگىلىمە يوق.

**« خەلق ساداسى » ژۇرنىلىدىن قۇربان سەمەت** تەرجىمىسى

## چەت ئەللەردە ئۇنۋانغا قانداق تەكلىپ قىلىنىدۇ

**ئىمىنجان راخمان**

ئۇنۋان جۇڭگوغا 18 ـ ئەسىردىن كېيىن كىرگەن. غەربتىكى بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە كىشىلەر جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش ئۇنۋانغا ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيدىكەن. گەرچە چەت ئەللەردە ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇيدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «قەلەمنى تاشلاپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار» تېخىمۇ كۆپكەن. ئامېرىكىدا ئادەتتە دۆلەتنىڭ ئۇنۋان باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى قاتتىق بولمىسىمۇ، بازاردىن ئىبارەت «شەكىلسىز قول» ئۇنۋاننى چەكلەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپلەر تەكلىپ قىلغان پروفېسسورلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولسا، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولىدۇ ـ دە، ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئازىيىپ كېتىپ، مەكتەپمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، چەت ئەللەردە ئۇنۋانغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئورۇن ۋە دائىرىلەر مائارىپ، داۋالاش، قانۇن قاتارلىق ئاز ساندىكى ساھەلەرگە مەركەزلەشكەن. مەسىلەن: سىنگاپورنىڭ ئاخبارات ساھەسىدە ئۇنۋان بولمايدۇ. پەقەت مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر ياردەمچىسى، مۇخبىر قاتارلىقلارلا بولۇپ، ئەمەلىي ۋەزىپىسى بولسىمۇ، ئۇنۋانى بولمايدۇ.

بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ پروفېسسور تەكلىپ قىلىشى ئاساسلىقى ھەرقايسى دەرىجە، قاتلاملار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەلۇم بىر سىستېمىدا بىرنەچچە پروفېسسورلۇق ئورنى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، مەلۇم بىر كىشى پروفېسسورلۇقتىن چېكىنسە، ئاندىن تولۇقلاشقا بولىدۇ. ئەگەر خىزمەت ئورنى بوش بولسا ئەڭ كەڭ دائىرىدە، ھەتتا پۈتكۈل يەر شارى مىقياسىدا خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

چەت ئەللەردە ئۇنۋان باھالاشتا ئىلمىي ماقالىگە ئېتىبار بېرىلسىمۇ، بىراق، تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىلىدىغىنى ئىلمىي ماقالىنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇ ئاخىردا يەنىلا بازار ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ.

**(ئاپتور كەلپىن ناھىيە چىلان يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم

# چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلىش جىنايىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەتتىمىن موللا نىياز

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 415 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلىش جىنايىتى—پاسپورت، ۋىزا بېجىرىش ياكى چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىش گۇۋاھنامىلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىلەرگە بىلىپ تۇرۇپ كىرىش ـ چىقىش گۇۋاھنامىلىرىنى بېجىرىپ بەرگەن قىلمىشنى ياكى چېگرا مۇداپىئە ئورگىنى، تاموژنا ئورگىنى قاتارلىق دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلارنى بىلىپ تۇرۇپ قويۇۋەتكەن قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل جىنايەت مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، بۇ خىل جىنايەتنىڭ سوبيېكتى—دۆلەتنىڭ پاسپورت، ۋىزا بېجىرىش ياكى چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىش گۇۋاھنامىلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى ۋە چېگرا مۇداپىئە ئورگىنى، تاموژنا ئورگىنى قاتارلىق دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدۇر.

ئىككىنچى، بۇ جىنايەتنىڭ دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش ئوبيېكتى—دۆلەتنىڭ چېگرىدىن كىرىش چىقىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تەرتىپىدۇر.

ئۈچىنچى، بۇ جىنايەت سوبيېكتىپ جەھەتتىن قەستەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت بولۇپ، «بىلىش» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ خىل قىلمىشنىڭ ئىپادىسى دۆلەتنىڭ چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇشقا دائىر ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىش گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان كىشىلەرگە، مەسىلەن، باشقىلارنى دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرغان كىشىلەرگە گۇۋاھنامە بېجىرىپ بېرىش ياكى دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلارنى بىلىپ تۇرۇپ قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت قەستەنلىكتە كۆرۈلىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك شەرت هازىرلانغان بولسا، زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر جىنايەت شەكىللىنىدۇ. بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**(ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم



# چەت ئەللەرنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تۈزۈملىرى

## ئەمەلدارلار پائالىيىتىنى خاتىرىلەش تۈزۈمى

بۇ خىل تۈزۈم سىنگاپوردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەخسىي ئالاقىلىرىنى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋە شەخسىي ئالاقە جەريانىدا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ئۆلچىمى، كەسپىي ئەخلاقى ۋە ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش تۈپ پرىنسىپىغا خىلاپ جايلىرىنى خاتىرىلەش، سىلىشتۇرۇش ۋە يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ سىنگاپوردا «مەمۇرلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرە تۈزۈمى» دېيىلىدۇ. ھۆكۈمەت ھەر يىلى مەمۇرلارغا كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرى تارقىتىپ بېرىدۇ. مەمۇرلار ھەر كۈنى بەلگىلىمە بويىچە ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلىگەندىن كېيىن نازارەتچىلىك قىلغۇچى تارماق تەكشۈرىدۇ. ئەگەر يوشۇرغان ۋە ساختىلىق قىلغان ئەھۋال بايقالسا جازا بېرىلىدۇ. بۇ خىل تۈزۈم ئادەتتىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قورقۇنچلۇق. بۇ چىرىكلىك ۋە پاكلىقنى ھەر كۈنى ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا قويۇپ، چىرىكلىشىش نىيىتى بارلارغا قاتمۇ قات بېسىم قىلىدۇ، چىرىكلىشىش گۇناھ بولۇپلا قالماي، چىرىكلەشكەندىن كېيىن راستچىللىق بىلەن خاتىرىلىمىسە گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ چىرىكلىشىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى پىسخىك جەھەتتىن تىزگىنلىشى. بۇ خىل قورقۇش ھېسسىياتى چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق.

### سوۋغا چېكى تۈزۈمى

سوۋغا تەقدىم قىلىش ئۇسۇلى بىلەن پارا بېرىدىغان، سوۋغات بىلەن ھوقۇقنى سېتىۋالىدىغان قەدىمىي ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. كىشىلەر تۇرمۇش تەجرىبىسىگە تايىنىپلا سوۋغاتنىڭ غايەت زور چىرىكلىك بولۇقى ئىكەنلىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ سوۋغا قوبۇل قىلىشىغا قارىتا قاتتىق بەلگىلىمە چىقارغان.

«ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ۋە ياللانما خادىملار قانۇنى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە ۋاكالەتچىلىرىدىن 100 ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى قىممەتتىكى سوۋغاتنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلغان سوۋغاتلارنى شەخسلەر 60 كۈن ئىچىدە ئىشلەۋاتقان ھۆكۈمەت تارمىقىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى ئالاھىدە نەتىجىسى سەۋەبلىك مۇكاپات بەرسىمۇ، شۇ كىشى ئىشلەۋاتقان ئورۇن تەستىقلىغاندىن كېيىن ئېلىشقا بولىدۇ. ئەدلىيە ئورۇنلىرى يۇقىرىقى قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۈستىدىن سوتقا ھەق

تەلەپ ئەرزى بەرسە، سوت مەھكىمىسى قانۇنغا خىلاپ قوبۇل قىلغان سوۋغا سوممىسىدىن سىرت 500 دوللار جەرىمانە قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىشقا، ماتاشى ئۆزىدىن تۆۋەنرەك خىزمەتچىلەرنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار خىزمەتتىن ھەيدىلىدۇ. «ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزالىرى ۋە ياللانما خادىملار ئەخلاق مىزانى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئاۋام پالاتا ئەزالىرى بىر يىل ئىچىدە باشقىلار (مەسىلەن: پارلامېنتنىڭ قانۇن چىقىرىشىغا قىزىقىدىغان دەلاللار، چەت ئەللىكلەر ياكى ۋاكالەتچىلەر)دىن 100 دوللاردىن يۇقىرى قىممەتتىكى سوۋغاتلارنى ئېلىشقا بولمايدۇ. ھەر بىر سوۋغاتنىڭ قىممىتى 35 دوللاردىن ئاشسا يىللىق ئومۇمىي سوممىغا كىرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا 35 دوللاردىن يۇقىرى قىممەتتىكى سوۋغات ياكى بىر يىل ئىچىدە بىر ئورۇندىن ئومۇمىي قىممىتى 100 دوللاردىن ئاشىدىغان سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

گېرمانىيە «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ سوۋغا قوبۇل قىلىشقا بېرىلىدىغان جازا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى سوۋغا قوبۇل قىلسا، قارشى تەرەپتىن سوۋغا تەلەپ قىلسا ياكى شۇنداق بىشارەت بەرسە، يۈرگۈزۈۋاتقان ھۆكۈمەت ئىشىغا دەخلى قىلمىسىمۇ شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. پارا ئېلىپ ھۆكۈمەت ئىشىغا دەخلى - تەرۇز قىلسا پارا ئېلىش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## ھاسىلات چېتىلىش تۈزۈمى

بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىش قىلمىشى ۋە قانۇندا چەكلىنىدىغان چوڭقۇراق بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارغا قارىتا چاتما مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى، ئەمەلدارلارنى سايلىغاندا نامزات كۆرسەتكۈچى سايلانغان كىشىنىڭ چىرىكلىشىش قاتارلىق چوڭقۇراق بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلىرىغا قارىتا چاتما مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل چاتما مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئەمەلدار ئوبيېكتىپ جازالانغاندا مۇناسىپ ھالدا جازاغا ئۇچرىشى شەرت. بۇ خىل جازا ئادەتتىكىچە ياكى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ ماتاشىدىن تۆتۈۋېلىش ياكى ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىپ يۆتكىۋېتىش، ياكى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ ئىشلەتمەسلىك بولۇپ، ئىستىپا بېرىش ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە خەلقتىن ئەپۇ سوراشتىن ئىبارەت. ئۆز ھۆرمىتىنى بىلىدىغانلار ھەمىشە مۇشۇ يولنى تاللايدۇ. ھەرقايسى ئەللەردە يۇقىرىقى ئۇسۇل كۆپرەك بولۇپ، بۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلدارلار سورۇنىنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. بەزى دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈملىرىدە بۇ توغرىلىق ئېنىق بەلگىلىمە بار.

**«ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»** ژۇرنىلىنىڭ **2000** - يىل **11** - سانىدىن

**قۇربان سەمەت** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىلىرى

ئايىمگۈل قاۋۇل نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان ئىلمىي ئەمگەكلەردە تا ھازىرغىچە ئىدىقۇت (قوچۇ) ۋە بېشبالىق شەھەرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خانلىقنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق ئاستانىسى دەپ قارىلىپ كەلدى. بۇ تارىخ ئەھلىلىرىگە ئايان بولغان قاراش، ئەلۋەتتە. لېكىن نۆۋەتتىكى بەزى تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كۇسەن (كۇچا)نىمۇ مۇھىم بىر ئاستانە قىلغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھال ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا جەمئىي ئۈچ ئاستانىنىڭ بولغانلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مەزكۇر خانلىقنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا بولغان ئىلمىي تەتقىقاتنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈردى. تۆۋەندە ئالاقىدار تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچ ئاستانىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1. ئىدىقۇت

«ئىدىقۇت» ئەڭ دەسلەپ «قوچۇ» نامىدا ئاتالغان. «قوچۇ»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا زىكىر قىلىنغىنىغا ئوخشاش تارىختىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان بولۇپ، قوچۇلۇقلار ئۆز شەھىرى ۋە باشقا قوشنا شەھەرلەرنىمۇ بىر تۇتاش «قوچۇ» نامى بىلەن ئاتىغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان (866 ـ يىلى)دىن كېيىن بولسا «قوچۇ» ئاستا ئاستا «ئىدىقۇت» (ئىدىقۇت تۇرىدىغان جاي) ئاتالمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. مىلادى 866 ـ يىلى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىلىرىدىن بولغان بۆگۈ تېكىن دەل تارىختىكى قوچۇ شەھىرى ئاساسىدا يېڭىدىن ئىدىقۇت شەھىرىنى بىنا قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ شەھەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىرىنچى ئاستانىسى، يەنى خانلىقتىكى ئىدىقۇتلارنىڭ قىشلىق ئوردىسىغا ئايلانغان. غەرب تارىخچىسى ھېنرىي يۇلى مەزكۇر شەھەر ئۈستىدە توختىلىپ: «ئىدىقۇت شەھىرى قەلئەسىنىڭ ئۈستىدە 100 دەك ئادەم سىغىدىغان ئالتۇندىن ياسالغان يۇمۇلاق شەكىللىك ئىمارەت بار. 20 ئېنگىلىز مىلى يىراقلىقتىنمۇ بۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ» دەپ يازغان. بۇ خاتىرە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىدىقۇتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم شەھەر ئىكەنلىكى ئېنىق. يەنە بەزى يازما ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ دائىرىسى بەش كىلومېتىردىن ئارتۇق بولغان بولۇپ، ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر ۋە خان ئوردىسىدىن تەركىب تاپقان. خان ئوردىسى ئادەتتە شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىچكى شەھەر ئوردىنىڭ جەنۇبىدا، تاشقى شەھەر ئوردىنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرىپىدە بولغان. پۈتكۈل شەھەر مۇستەھكەم ھەم ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان. سېپىللاردا ھەيۋەتلىك كۆ-

زىنتىش مۇنارلىرى ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بولغان. شەھەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان بىر بۇددا ساگرامى بولغان. بۇ ساگرامنىڭ دەرۋازىسى، تىلاۋەت مەيدانى، نەپىس سىزىلغان رەسىملىرى ۋە رەڭدار بۇددا ھەيكەللىرى بولغان. شەھەردە يەنە مۇكەممەل يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرى بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىش ئىشلىرى ناھايىتى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شەھەر ئىچىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى، سودا دۇكانلىرى، ئازادە سودا بازارلىرى، مېھمانخانىلار، تازىلىق مۇئەسسەسەلىرى، ھەرقايسى ئەل كونسۇلخانىلىرى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ۋە بىر قاتار ھەربىي ـ مەمۇرىي ئورگانلار بولغان. ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ئوردىدا تۇرۇپ پۈتكۈل خانلىقنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان . ئوردىدا مەخسۇس خان جەمەتى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالارنى قوغدايدىغان ئالاھىدە قىسىملار بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە پۈتۈن شەھەرنىڭ تاشقى مۇداپىئە ۋە ئامانلىق ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ دائىملىق پىيادە ھەم ئاتلىق قوشۇنلار تۇرغۇزۇلغان. دېمەك، ئىدىقۇت شەھىرى خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بولۇپ، ئايرىم خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ ئالاھىدە تەرىپلىگىنىدەك، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرىدىن ھېچبىر قېلىشمىغان.

13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان. لېكىن ئەينى دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانى بارچۇق ئارت تېكىن ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق چىڭگىزخاننىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بەشىنچى ئوغۇللۇق مەرتىۋىسىگە مۇيەسسەر بولغان ھەمدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالغان. چىڭگىزخانمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنىغا زادىلا تەگمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ «ئىدىقۇت» لوق ئۇنۋانىنى ساقلاپ قېلىشىغا، ئىدىقۇت شەھىرىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئۆز خانلىقىنىڭ ئاستانىسى قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن. نەتىجىدە، ئىدىقۇت شەھىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىمۇ ئوخشاشلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇپ كەلگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرى كونا ئادەت بويىچە ئىدىقۇت شەھىرىدىن يەنىلا قىشلىق ئاستانە سۈپىتىدە پايدىلانغان. موڭغۇللار خانلىقنىڭ باشقا ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، پەقەت ئىدىقۇت شەھىرىگە «دارۇغاچ» ئەۋەتىپ نازارەت قىلىپ تۇرغان.

1275 ـ يىلى، غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. شۇ يىلى يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى قۇبلايغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن چاغاتاي خانلىقىدىكى دۇۋا بىلەن قايدۇ 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى ئىدىقۇت شەھىرىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغان. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ئىدىقۇت قوچقار تېكىن باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىدىقۇت شەھىرىنى يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ساقلاپ قالغان. لېكىن ئىككى تەرەپ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا غايەت زور پەرق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىدىقۇت شەھىرى ئاخىر قايدۇ ۋە دۇۋا توپىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. قوچقار تېكىن ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى نائىلاج قۇمۇل شەھىرىگە يۆتكىگەن. كېيىن قايدۇ قۇمۇلغىمۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغان. ئىدىقۇت قوچقار تېكىن قۇمۇل ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى نۇرىن تېكىن خېلىلا كىچىك بولغاچقا، داۋاملىق تۈردە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز

قىلىپ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ قەلئەسىگە كۆچۈپ كەتكەن. دەرۋەقە، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى قايدۇ ۋە دۇۋا تۇپىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا بىر قېتىملىق ئېغىر دەرىجىدىكى چەيلىنىشكە ئۇچرىغان.

1278 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، غەربىي رايون ۋەزىيىتىگە يېڭىدىن كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان. پادىشاھ قۇبىلاي غەربىي رايوندىكى قايدۇ ۋە دۇۋا تۇپىلاڭچى قوشۇنلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن غەربىي رايونغا زور تۈركۈمدە قوشۇن ئەۋەتىپ، مۇھىم ستراتېگىيىلىك نۇقتىلارنى كونترول قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىقۇت شەھىرى تەۋەسىدىكى ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىدىقۇت شەھىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى يەنە ئىدىقۇت شەھىرىگە يۆتكىلىپ، مەزكۇر شەھەر قايتىدىن بىنا قىلىنىشقا باشلىغان. لېكىن 1289 ـ يىلىغا كەلگەندە، قايدۇ ۋە دۇۋا تۇپىلاڭچى قوشۇنلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىگە قايتىدىن باستۇرۇپ كىرىپ، ئىدىقۇت شەھىرىنى يەنە بىر قېتىم خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. 1304 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركەزلىرى بولغان ئىدىقۇت ۋە بېشبالىق شەھەرلىرى چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوتۇۋېلىنغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتلىرى بولسا يەنىلا گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ قەلئەسىدە تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بىر نۆۋەت باشقۇرغان ھەمدە يۈەن سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن باشتىن ئاخىر قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندىكى قايدۇ ۋە دۇۋالارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىشى بىلەن، يۇڭچاڭدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانى نۇرىن تېكىن ئىدىقۇت شەھىرىگە قوشۇن باشلاپ چىقىپ، بۇ شەھەرگە يېڭىباشتىن ئۇيغۇر شەھىرى سالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر تاكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئاخىرلاشقان دەۋر (1353 ـ يىلى) گىچە مەزكۇر خانلىقنىڭ ئاستانىسى بولۇپ كەلگەن. لېكىن بۇ دەۋردە چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قالايمىقان ئۇرۇشلىرى سەۋەبىدىن، ئىدىقۇت شەھىرى تارىختىكى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەن.

## 2. بېشبالىق

بېشبالىق شەھىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاستانىسى، يەنى مەزكۇر خانلىقتىكى ئىدىقۇتلارنىڭ يازلىق ئوردىسى ياكى قارارگاھى. بېشبالىق تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەل ستراتېگىيىلىك ئورنى بىلەن تارىختىكى ھۇنلار، سيانپىيلار، جۇجانلار، تۈركلەر، تۈبۈتلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ كۆز تىكىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ كەلگەن. جۇملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىمۇ بۇ شەھەر ئۈچۈن تۈبۈتلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. شۇ ۋەجىدىن غەربكە كۆچكەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بولغان بۆگۈ تېكىن قوچۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئالدىنقى شارائىتى بېشبالىقنى كونترول قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، ئالدى بىلەن بېشبالىق رايونىدا تۈبۈتلەرگە قارشى ئومۇميۈزلۈك جەڭگە ئاتلانغان ھەمدە تۈبۈت قوشۇنلىرىنى بۇ جايدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئارقىدىنلا قوچۇ، لۆنتەي قاتارلىق شەھەرلەرنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بېشبالىق شەھىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق ئاستانىسىگە ئايلانغان. ئىدىقۇتلار قىش كۈنلىرى ھاۋاسى

ئىلىلىق بولغان ئىدىقۇت شەھىرىدە تۇرۇپ، ياز كۈنلىرى هاۋاسى سالقىن، مەنزىرىسى گۈزەل، دائىرىسى كەڭرى بېشبالىق شەھىرىدە تۇرغان. بېشبالىق ئۇزۇن ئۆتمەي ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي مەركىزى، جۈملىدىن مۇھىم ھەربىي ئىشلار مەركىزى بولغان. چۈنكى بېشبالىق رايونى چارۋىچىلىق قىلىشقا ناھايىتى ئەپلىك بولۇپ، ئۇرۇشقا كېرەكلىك ئات ـ ئۇلاغلارنى بېقىشقا تولىمۇ ماس كەلگەن. شۇڭا، خانلىقنىڭ جەڭ ئاتلىرى ئاساسەن مۇشۇ رايوندا بېقىلىپ، ئاتلىق قىسىملارغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سەپلىنىپ تۇرغان. خانلىقتىكى ئاتلىق قىسىملارمۇ كۆپ ھاللاردا مانا مۇشۇ رايوندا تۇرۇپ، ئىدىقۇتلارنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئالاقىدار ئەسكىرىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»دە بېشبالىق شەھىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «بېشبالىق شەھىرىنىڭ ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز گۈزەل يايلاق. يايلاقتا سان ـ ساناقسىز ئاتلار بېقىلىدۇ. ئىدىقۇت جەمەتىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىمۇ مانا مۇشۇ خىلۋەت بىپايان يايلاقتا بېقىلىدۇ» دەپ يازغان. ئا . گ . مالياۋكىن «IX- XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ناملىق كىتابىدا: «قوچۇ شەھىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە دىنىي مەركىزى بولۇپ قالدى. بېشبالىق بولسا، مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مەركىزى بولۇپ قالدى» دېگەن. ۋ. ۋ. بارتولدمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «تۇرپاندىكى ئىدىقۇت شەھىرى خارابىسىنىڭ يېنىدىكى بۇگۈنكى قاراخوجا ـ ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىسىنىڭ باش شەھىرىدۇر. بۇ ئۆلكىنىڭ شىمال قىسمىدىكى باش شەھەر ئەلۋەتتە، بېشبالىقتۇر» دەپ يازغان. دېمەك مۇشۇ خاتىرىلەر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە بېشبالىق شەھىرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاستانىسى بولغانلىقى، جۈملىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ مۇھىم سىياسىي مەركىزى بولغانلىقى ئىنتايىن ئېنىق.

13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى خانلىققا ئايلىنىپ قالغان. لېكىن بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قورۇپ چىقىشقا ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ «ئىدىقۇت»لۇق ئۇنۋانىنى ھەمدە خانلىقنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان. بۇنىڭ بىلەن بېشبالىق شەھىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئىدىقۇتلارنىڭ يازلىق ئوردىسى، يەنى خاقانلىقنىڭ ئىككىنچى ئاستانىسى بولۇپ قېلىۋەرگەن. ۋاھالەنكى، 1270 ـ يىلىغا كەلگەندە، چاغاتاي ئەۋلادى قايدۇنىڭ قۇبلايغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى بىلەن، بېشبالىق شەھىرى ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇ يىلى قايدۇ زور قوشۇن بىلەن بېشبالىق شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوچقار تېكىن ئۆزى شەخسەن ئاتلىق قوشۇنلارغا باشچىلىق قىلىپ قايدۇ قوشۇنى بىلەن قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. لېكىن بېشبالىق شەھىرى ئاخىر قايدۇ توپىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. شەھەردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بولسا ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن. قوشقار تېكىن قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىدىقۇت شەھىرىگە چېكىنگەن. 1280 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېشبالىق قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، بېشبالىققا دائىم تۇرىدىغان قوناتقۇچى بەگ ئەۋەتكەن ھەمدە شۇ يىلى يەنە بېشبالىق قوروقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بېشبالىق شەھىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئاساسلىق ھەربىي بازىسىغا ئايلىنىشقا باشلىغان. دەرۋەقە، مەزكۇر شەھەرنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاستانىسى، يەنى يازلىق ئوردىسى بولۇش ئورنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئەمەلدىن قالغان. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، ئىدىقۇت شەھىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

بىردىنبىر ئاستانىسى بولۇپ قالغان.

### 3. كۇسەن

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاستانىسى بولغان كۇسەن شەھىرى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخنى قىسقىچە ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ. تارىختىن ئاز – تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايان بولغىنىدەك، مىلادى 840 – يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار غەرب ۋە جەنۇبقا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە غەربكە كۆچكەن تارماق پان تېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ خېشى كارىدورى ۋە غەربىي رايونغا يېتىپ كەلگەن. كېيىن پان تېكىن ئۆزى شەخسەن بىر تارماق ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى باشلاپ ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا كۆچۈپ، بۇ جايلاردا ياشىغان قارلۇقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي قارلۇقلار رايونىدىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇسەنگە بېسىپ كىرىپ، بۇ جايدا ئون نەچچە يىل تۇرغان. مىلادى 856 – يىلىغا كەلگەندە، پان تېكىن ئاگنى (قاراشەھەر) دە ئۆزىنى ئۇيغۇر خاقانى دەپ ئاتاپ، شەرقتە تاكى تۇرپان ئويمانلىقىغىچە بولغان جايلارغا كېڭەيگەن. بۇ ھال بۆگۈ تېكىن دەۋرىگە كەلگەندە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ رەسمىي تۇردە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. مىلادى 866 – يىلى بۆگۈ تېكىن بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىر بايراق ئاستىغا يىغىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. خانلىقنىڭ زېمىنى شەرقتە شاجۇ (دۇنخۇاڭ) دىن باشلىنىپ، غەربتە نەۋبارخان (ھازىرقى تاشكەنت شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چىرچىقنى كۆرسىتىدۇ) غىچە؛ جەنۇبتا نۇبۇتلەر رايونىدىن شىمالدا ئىلى – مىڭلاق ۋادىسىغىچە يېتىپ بارغان. مانا مۇشۇ كەڭرى تېررىتورىيىدە،

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىدىقۇت شەھىرىنى چوڭ خانلىقنىڭ ئاستانىسى، كۇسەن شەھىرىنى كىچىك خانلىقنىڭ ئاستانىسى قىلىپ بېكىتكەن. كۇسەندىكى خاقان غەربتە ئاقسۇدىكى مۇز داۋانىدىن، شەرقتە تارىم دەرياسىغىچە بولغان رايونلارنى ئىدارە قىلغان. كۇسەن خاقانى ئىدىقۇت خاقانىغا ئوخشاش ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتاپ، سېرىق كىيىم ۋە ناھايىتى قىممەتلىك بۆك كىيگەن، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە بولسا، ئىدىقۇت شەھىرىدىكى چوڭ خاقانغا ئوخشاش توققۇز ۋەزىر بىلەن بىللە دۆلەتنى باشقۇرغان. كۇسەندىكى كىچىك خانلىق ئادەتتە بىرىم مۇستەقىل ھالەتتە بولۇپ، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلغان. ئىچكى جەھەتتىكى ئىشلارنى بولسا ئىدىقۇت شەھىرىدىكى چوڭ خانلىقنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باشقۇرغان. مەسىلەن، جۇڭگو مەنبەلىرىدىن «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، كۇسەن تەزكىرىسى» ۋە «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما، ۋاسساللار» دا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قوش خانلىق تۈزۈمىگە ئائىت مۇنداق قىممەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان: «كۇچا – ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ دۆلەتنىڭ باشلىقى ئۆزىنى ‹ئارسلان› خان دەپ ئاتايدۇ، سېرىق كىيىم ۋە بەك قىممەتلىك بۆك كىيىدۇ، دۆلەتنى توققۇز ۋەزىر بىلەن بىرلىكتە باشقۇرىدۇ ...... بۇ دۆلەت ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى شىجۇدىكى كۇچا ۋە ياكى كۇچا ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن»؛ «شيەنپىڭنىڭ 4 – يىلى 2 – ئايدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى كۇچانىڭ خاقانى ناگارۇش ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسى خانىغا ئات، تۆگە، خەنجەر ۋە سىرلانغان ئەسۋابلارنى ھەدىيە قىلدى. سۇڭ سۇلالىسى خانى بۇنىڭغا جاۋابەن ئەلچى ئارقىلىق خاقان ناگارۇشقا بىر توپ تاۋار – دۇردۇن، 200 سەرلىك كۈمۈشتىن ياسالغان ھاراق ئەسۋابلىرى، بىر ئالتۇن كەمەر قاتارلىق بۇيۇملارنى

61

سوۋغا قىلدى» ...، بۇ خاتىرىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلغاندا مۇنداق ئۈچ خىل يەكۈننى چىقىرىش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، كۇسەن شەھىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى كىچىك خانلىق ـ كۇسەن خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولغان. ئىككىنچىدىن، كۇسەندىكى ئۇيغۇرلار ئىدىقۇت (شىجۇ) ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىدىقۇتتىكى كۇچا ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالغان. ئۈچىنچىدىن، كۇسەن خاقانلىرى دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلغان. دېمەك بۇ ئۈچ خىل مۇھاكىمە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تارىختىكى كۇسەن شەھىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىچىك خانلىق ـ كۇسەن خانلىقىنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئاستانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاستانىسى كۇسەن شەھىرى توغرىسىدا ئەرەب جۇغراپىيونى مەسئۇدى: «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاستانىسى ‹كۇسەن› دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان. فرانسىيىلىك ئالىم م . رىيتاد مەسئۇدى تىلغا ئالغان «كۇسەن» نى ھازىرقى كۇچا شەھىرىنىڭ ئۆزى دەپ قارىغان. تارىخچى بابىردى ھېينارد باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا تارىختىكى «كۇسەن» نى جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى «ئىدىقۇت» شەھىرى دەپ ئىزاھلىغان. ئومۇمەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ خىل قىياسلىرىغا ئاساسلانغاندىمۇ، ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقەتەن قوش خانلىق تۈزۈمنى يولغا قويغانلىقى ئېنىق. لېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوش خانلىق تۈزۈمى مەزكۇر خانلىقنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە داۋاملىشالمىغان. تەخمىنەن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان دەۋر (1130 ـ يىلى) دىن تارتىپ، شەرق قىسمىدىكى ئىدىقۇت شەھىرىنى مەركەز قىلغان چوڭ خانلىق بۇرۇنقىدەكلا ساقلىنىپ قالغان. غەرب قىسمىدىكى كۇسەننى مەركەز قىلغان كىچىك خانلىق بولسا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تېررىتورىيىسىگە كىرىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن كۇسەندىكى كىچىك خانلىققا ئائىت مەلۇماتلارمۇ پەيدىنپەي ئازىيىپ بارغان.

---


مۇھىم مەنبەلەر:

① چىڭ سۇلۇ: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 ـ يىل 4 ـ سان.

③ ئا . گ . مالياۋكىن: « IX- XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.

④ ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

⑤ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى


**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى**



# خەلق قوشاقلىرى

ئاسماندىكى بوز تورغاي،
زەپ يېقىملىق سايرايدۇ.
ئىتتىپاقلىق ـ ئۈملۈكتىن،
ئەلنىڭ قەلبى يايرايدۇ.

كاككۇك سەھەر سايرايدۇ،
بوستانلىقتا ـ گۈللۈكتە.
يەتتۇق ئارزۇ ـ تىلەككە،
ئىتتىپاقلىق ـ ئۈملۈكتە.

تاغدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ،
مايسىلارنى ياشناتتى.
ئىتتىپاقلىق ـ مۇقىملىق،
كۆچىمىزگە كۈچ قاتتى.

سالا ـ سالا ئېتىزلار،
يېزىمىزغا ياراشتى.
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى،
يۈرەكلەرگە ئورناشتى.

ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان،
يولغا سايە تاشلايدۇ.
ئىناقلىقتىن ـ ئۈملۈكتىن،
ئىقبالىمىز پارلايدۇ.

سالالاشقان ئېتىزنىڭ،
چەت ـ چېتىگە كۆز يەتمەس.
مۇقىملىقنى ـ ئۈملۈكنى،
بىلىمىز ئەڭ مۇقەددەس.



(ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي رەتلىگەن)

(بېشى 64 ـ بەتتە)

| | |
|---|---|
| يىتنە ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش | 造谣惑众 |
| بالىيانقۇدىكى تۇغۇت چەكلىگۈچنى ئېلىۋېتىش | 摘取宫内节育器 |
| يەر ئىگىلەش | 占用土地 |
| ھېسابات دەپتىرى | 帐簿 |
| خېرىدار چاقىرغۇچىلار | 招标人 |
| پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرمىسى | 招股说明书 |
| ئالدامچىلىق قىلىش | 招摇撞骗 |
| قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى | 珍贵文物 |
| يوللۇق قوغدىنىش | 正当防卫 |
| ئورۇنلۇق قەرز | 正当债务 |
| دەلىل ـ ئىسپات چىن بولماسلىق | 证据失实 |
| ئاكسىيە باشقۇرۇش ئارمىقى | 证券管理部门 |
| ئاكسىيە شىركىتى | 证券公司 |
| ئاكسىيە سودىسى | 证券交易 |
| ئاكسىيە سودا ئورنى | 证券交易所 |
| گۇۋاھچى | 证人 |
| گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى | 证人证言 |
| بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىم | 直接负责的主管人员 |
| بىۋاستە جاۋابكار | 直接责任人 |
| بىۋاستە جاۋابكارلار | 直接责任人员 |
| پۇل چېكى | 支票 |

مۇخپۇل ئابلىمىت تەييارلىغان

# قانۇن - نىزاملاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار

| | |
|---|---|
| توك سېتىش باھاسى | 销售电价 |
| قاتىللىق قورالى ئېلىپ ئارتنۇۋېلىش | 携带凶器报复夺 |
| ئۆچ ئېلىپ ئاچچىق چىقىرىش | 泄愤报复 |
| تەھدىت سېلىش | 胁迫 |
| جىنايى جازا تۈرلىرى | 刑罪的种类 |
| جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى | 刑法修正案 |
| كرېدىت كارتوچكىسى | 信用卡 |
| كرېدىت گۇۋاھنامىسى | 信用证 |
| جىنايى ئىشلار كېسىمى | 刑事审判 |
| قىيناپ سوراق قىلىپ ئىقرار قىلدۇرۇش | 刑讯逼供 |
| پارا بېرىش جىنايىتى | 行贿罪 |
| كۆز بوياپ مەبلەغ چىقىرىش | 虚假出资 |
| يالغان ئىسپات - ھۆججەتلەر | 虚假证明文件 |
| قان پلازمىسى ياسالمىلىرى | 血液制品 |
| نەپسانىيەتچىلىك ۋە يۈز خاتىرە قىلىش | 徇私枉法，徇情枉法 |
| نەپسانىيەتچىلىك قىلىش | 徇私舞弊 |
| بېسىملىق قاچا | 压力容器 |
| تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كېچىكتۈرۈش | 延误检验出证 |
| كارانتىن ئىسپاتىنى كېچىكتۈرۈپ چىقىرىش | 延误检疫出证 |
| پوچتا يوللانمىلىرىنى تەككۈزۈشنى كېچىكتۈرۈش | 延误投递邮件 |
| زورلۇق بىلەن تەھدىت سېلىش | 以暴力相巧妙威胁 |
| ئۆلچەمسىز مەھسۇلاتنى ئۆلچەملىك كۆرسىتىش | 以不合格产品冒充合格产品 |
| ناچىرىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش | 以次充好 |
| قانۇن بويىچە قاماققا ئېلىش | 依法被关押 |
| يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىش | 以假充真 |
| داۋالاش ئەسۋابى | 医疗器械 |
| ئېفىر | 乙醚 |
| ئاسان ئوت ئالىدىغان بۇيۇملار | 易燃性物品 |
| ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان مەھسۇلات | 易燃易爆产品 |
| تىببىي تازىلىق ماتېرىيالى | 医用卫生材料 |
| ئۆزىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى باشقىلارغا يېرىم پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىش | 以转贷牟利为目的 |
| يوشۇرۇپ مەلۇم قىلماسلىق | 隐瞒不报 |
| ئا تىپلىق يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش | 引起甲类传染病传播 |
| يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى | 饮食服务业 |
| قېچىپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلار | 因逃逸致人死亡的 |
| يوشۇرۇنىدىغان جاي | 隐藏处所 |
| شەھۋانىي بۇيۇم | 淫秽物品 |
| ئېچىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ دېلو ئاچماسلىق | 应立案而不予立案 |
| بۇزۇقچىلىق قىلىش | 淫乱活动 |
| تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج پۇلى | 应纳税款 |
| كۆكنار، كەندىر | 罂粟、大麻 |
| ئەمەلىي پروگرامما | 应用程序 |
| ئېلىشقا تېگىشلىك باج پۇلى | 应征税款 |
| مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرى | 永久性测量标志 |
| باھالىق بېلەتلەر | 有价票证 |
| جۈپتى تۇرۇپ قايتا نىكاھلىنىش | 有配偶而重婚的 |
| مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى | 有期徒刑，无期徒刑 |
| قەستەن قارا چاپلاش | 有意诬陷 |
| ھەربىي مەجبۇرىيەتچىلەر | 预备役人员 |
| ئاۋانس پۇلى (ئالدىن بېرىلگەن پۇل) | 预付款 |
| قالدۇرۇلغان تامغا ئىزى ۋە ئىمزاغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان پۇل چېكى | 预留印鉴不符的支票 |
| ئەتكەسچى جىنايەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش | 与走私罪犯通谋 |
| خام ئەشيادىن پايدىلىنىش | 原料利用 |
| مەھسۇلاتقا باشقا نەرسىلەرنى، ساختا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش | 在产品中掺杂，掺假 |
| ھەقدار | 债权人 |
| ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش | 暂予监外执行 |

# تەرەققىي قىلىۋاتقان شىنجاڭ خۇگۇاڭ قەنت زاۋۇتى

شىنجاڭ خۇگۇاڭ قەنت زاۋۇتى خېجىڭ ناھىيىسىدە بولۇپ، كۈنىگە 2500 توننا قىزىلچا بىر تەرەپ قىلالايدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇنىۋېرسال قەنت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى. ئۇنىڭ قارمىقىدا 3 تارماق زاۋۇت، 5 ئىشلەپچىقىرىش سېخى ۋە يۈرۈشلەشكەن تۈرمۇش - پاراۋانلىق كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى بار. ھازىر 1100 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىك خادىملاردىن 180 ى بار. بۇ زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى 90 - يىللاردا ئوخشاش كەسپتىكىلەر ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن لۈيۈەن ماركىلىق ئاق شېكەردىن يىلىغا 45 مىڭ توننا، لۈيۈەن ماركىلىق قىزىلچا دانچىسىدىن يىلىغا 10 مىڭ توننا، جىڭيۇ ماركىلىق ئىچىملىك ئىسپىرتتىن يىلىغا 4000 توننا ئىشلەپچىقىرالايدۇ. ھازىر بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 10 مىليون يۈەن پايدا بېجى ياراتتى. بۇ قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتى بولغان ئىقتىسادىي گەۋدە.



زاۋۇت باشلىقى، قانۇنىي ۋەكىل: لى شياڭچۈن


زاۋۇت باشلىقى، قانۇنىي ۋەكىل: لى شياڭچۈن

پارتكوم شۇجىسى: جىن دېچۈەن

تېلېفون: 6090200 (0996)

فاكس: 6090129 (0996)

ئادرېسى: خېجىڭ ناھىيە سەيۇۋكۆلى بازىرى

پوچتا نومۇرى: 841311


# ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى سۇ ئىشلىرى 2 - باشقارمىسى



سۇ باشلاش ئۆستىڭى



مۇددىگە بېرىشنى نەقلەشتۈرۈش يىغىنى (سولدىن 2 - كىشى باشقارما باشلىقى ۋېي يىمىن)

شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى سۇ ئىشلىرى 2 - باشقارمىسى سۇچىلىقنى باشقۇرىدىغان كەسپىي تارماق. ھازىر 1100 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 180 كەسپىي تېخنىك خادىمى بار. بۇ باشقارما چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى 5 سۇ ئامبىرىنى باشقۇرىدۇ. سۇ زاپىسى 245 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق قۇرۇق ئۆستەڭ، 190 دىن ئارتۇق سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەسى، 80 دىن ئارتۇق سۇ تەقسىملەش تورى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك 7 - شى ۋە شىخودىكى يەرلىكنىڭ 1 مىليون 200 مىڭ مو سۇغىرىش كۆلىمىنى كونترول قىلىدۇ.

## سۈپەت ئارقىلىق كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىۋاتقان بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 130 - تۈەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى

شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 130 - تۈەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 1977 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر 35 مىڭ ئۇرچۇقى، 200 دانە رەخت توقۇش ماشىنىسى، 1400 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 169 تېخنىك خادىمى بار. مۇقىم مۈلكى 120 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، يىلىغا ھەر خىل پاختا يىپتىن 7000 توننا، پاختا رەختتىن 6 مىليون 500 مىڭ مېتىر ئىشلەپچىقىرىدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

130 - تۈەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، كارخانىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتىشنى خالايدۇ.



# قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەپەككۇرى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى



ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: ۋاڭ زورەن



ھاكىم: راشىدىن زىكرىيار

قورغاس ناھىيىسى ئىلى دەريا جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتە قازاقىستانغا قوشنا، جەنۇبتا ئىلى دەرياسى ۋە چاپچال ناھىيىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. شىمالدا بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، شەرقتە غۇلجا شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. دۆلەت يولىنىڭ 312 ـ ، 218 ـ لىنىيىسى ۋە ئاسىيا ـ ياۋروپا نۇركابىلى بۇ ناھىيىدىن ئۆتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك قۇرۇقلۇق پورتى ــ قورغاس پورتى بار. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5460 كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 350 مىڭ بولۇپ، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە.

بۇ ناھىيىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەپەككۇرى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ «4 چوڭ ئىستراتېگىيىسى» نى يولغا قويۇپ، چېگرىغا بازىرىنى مەركەز قىلىپ «ئۈچ رايون بىر لىنىيە» نى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «4 چوڭ بازا» نى تىرىشىپ قۇرۇپ، قورغاس ناھىيىسىنى سودا، مال ئالماشتۇرۇش، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ساياھەتچىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان، باي، كۈچلۈك زامانىۋى چېگرا شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

(ماقالە ۋە سۈرەتنى قورغاس ناھىيىلىك پارتكوم تەمىنلىگەن)

## تۆۋرۈك كارخانا ــ
## يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى كۆمۈر كېنى



يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى كۆمۈر كېنىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى شۈيۇڭ

يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى كۆمۈر كېنى 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى قوبۇق دەرياسى بويىغا جايلاشقان. قاتناش قولاي، كۆمۈر زاپىسى 45 مىليون توننىغا يېتىدۇ.

كۆمۈر كان قارمىقىدا كۆمۈر كان، توك ئېلېكتر ئىستانسىسى، سېمونت زاۋۇتى، قارغۇر كۆمۈرى زاۋۇتى، بېتون ئۇسكۈنىلىرى زاۋۇتى، تۇرمۇش ـ ئىمكىلى مۇلازىمىتى، دوختۇرخانا، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىردىن بار بولۇپ، ئۇ كۆمۈرچىلىك، توك ئېلېكتر، سېمونت ئىشلەپچىقىرىش بىر گەۋدە قىلىنغان ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت ئۇنىۋېرسال كارخانىسى.

2000 ـ يىلى بۇ كاننىڭ ئومۇمىي مۈلكى 120 مىليون يۈەنگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 431 مىڭ يۈەنگە، خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6100 يۈەنگە يەتتى.



كۆمۈر كان رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر

## يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى «3 ـ بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە تۈزەشتە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن تۈزەشنى چىڭ تۇتتى

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى 1996 ـ يىلى «3 ـ بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى يولغا قويغاندىن بۇيان، ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن تۈزەشنى تەڭ تۇتۇشتا، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى تۈپ تەدبىر قىلىشتا چىڭ تۇردى ھەمدە ئۇنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي مۇقىملىقنى، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ناھىيىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا ياخشى ۋەزىيەت ياراتتى.

(ماقالە ۋە سۈرەتنى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم تەمىنلىگەن)



ئازادلىق شەرقىي يولى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 - 1166/D
باھاسى: 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58
ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433